# «پالنامە» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئەخمەتجان مۇسى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ماۋ يۇلوڭ

www.uyghurkitap.com

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
سۇلايمان ھېلىھنىياز

# «پالنامە» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

《占卜书》与古代维吾尔人的世界观：维吾尔文/阿布都拜斯尔·秀库尔著。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.7

ISBN7—228—05850—X

Ⅰ.占… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①伊斯兰教—文献—研究—维吾尔语(中国少数民族语言)②维吾尔族—世界观—研究—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B968

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 33556 号

《占卜书》与古代维吾尔人的世界观(维吾尔文)

阿布都拜斯尔·秀库尔<br>苏莱曼·艾力木尼亚孜 著

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)

新疆新华书店发行

新疆工人时报印刷厂印刷

787×1092 毫米 32 开本　8.875 印张　2 插页

2000 年 9 月第 1 版　2000 年 9 月第 1 次印刷

印数：1—3,000

---

ISBN7—228—05850—X/B·81　定价：12.70 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

مەزكۇر ئەسەر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش دوتسېنتى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دوتسېنت سۇلايمان ھېلىمنىيازلارنىڭ سىلىشتۇرما تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى «ئىرق بىتىگ ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى» ئىدى. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلارغا كىتاب نامىنىڭ ئاسان چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن «ئىرق بىتىگ» نى «پالنامە» دەپ ئۆزگەرتتۇق. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا : irk قا رەمباللىق، پالچىلىق دەپ ئىزاھ بېرىلگەنلىكى، bitig دېگەننىڭ كۆپچىلىككە ناھايىتى ئايدىڭ بولغان «كىتاب» دېگەن سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

«ئىرق بىتىگ» مىلادى 9 ـ ئەسىردە تۇرپان (قوچو) دا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى «تايگۇنتان بۇتخانىسىدىكى راھىبلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتەچۇق ئۇ-

چۈن پۈتۈتۈم » دېگەن ئىبارىلەردىن ، ئەسەرنىڭ ئەينى زامان-دىكى قەلىمى ناھايىتى پىشقان بىر كىشىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى بىلىمىز .

قولىمىزدىكى بۇ ئەسەر ستەيىننىڭ دۇنخۇاڭدىن تاپقان نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلغان . شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى ، بۇ ئەسەرنىڭ بۇندىن ياشقا فون لېكوك بىلەن تومسېن ئەپەندى 1904 - يىلى تۇرپاندىن تاپقان « تۇرپان نۇسخىسى » مۇ بار . تومسېن 1921 - يىلى بۇ ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى خەلقئارادا ئېلان قىلغاندىن باشلاپ ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى باشلىنىپ كەتتى . 1980 - يىلى تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەشمىسىنى ئېلان قىلدى . مەشھۇر تۈركولوگ تالات تېكىن 1993 - يىلى ۋېسبادىندا « ئىرق بىتىگ » نىڭ مەتنى ، ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسىنى مەخسۇس كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى .

« ئىرق بىتىگ » بىر پال كىتابى بولۇپلا قالماي ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭگەن . ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، پەقەتلا ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەدەنىيەتكە ئائىت مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلالمىدى ، چۈنكى ئەسەردىكى تۇرمۇش ئۇلارغا يات ئىدى . ئەسەردىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ھەتتا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشىغا ھازىرمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېقىن بولغانلىقى ، مەزكۇر كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ بۇ ئەسەرنى ھا-
زىرقىدەك ئوگۇشلۇق يېزىپ چىقالىشىغا سەۋەب بولدى . شۇنى
كىتابخانلارغا ئەسكەرتمەكچىمەنكى ، مەزكۇر ئەسەردە ئېلىنغان
ترانسكرىپسىيە يەشمىسى ئەسلى مەتنى بويىچە ئېلىندى ، جۈملە
قۇرۇلمىسىغا ۋە بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا تېگىلمىگەچكە ، ئوقۇش
جەريانىدا جۈملە راۋان ئەمەستەك ، بەزى ئاتالغۇلار مەنتىقىگە ئۇي-
غۇن كەلمىگەندەك تۇيۇلىدۇ ، شۇڭا كىتابخانلارنىڭ ۋاقىپ بولۇ-
شىنى سورايمىز .

مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب «ئىرق بىتىگ» ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 1

1. «ئىرق بىتىگ» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 1

2. چۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان ۋە «ئىرق بىتىگ» ........ 5

3. «ئىرق بىتىگ» نىڭ ژانىر تەۋەلىكى ........ 17

4. «ئىرق بىتىگ» نىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ........ 24

5. «ئىرق بىتىگ» نىڭ تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەتىنىدىن ئۆرنەكلەر ........ 27

6. «ئىرق بىتىگ» مەتىنىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تولۇق ترانسكرىپسىيىسى ........ 35

7. «ئىرق بىتىگ» تېكىستىنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسى ........ 47

8. «ئىرق بىتىگ» تېكىستىنىڭ قىسقىچە سۆزلۈكى ۋە تېكىستتىكى مۇھىم گراماتىكىلىق نۇقتىلارغا ئىزاھ سۆزلۈك ........ 57

9. ترانسكرىپسىيە ۋە يەشمىنى ئىشلەش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمىز ........ 75

ئىككىنچى باب «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي

دىنىي چۈشەنچىلىرى ...................... 84
1. ئىپتىدائىي دىنلار ھەققىدە
چۈشەنچە ................................... 84
2. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى .............. 89
3. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ...... 102
4. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
توتېملىق قاراشلىرى ........................ 106
5. شامان دىنى ۋە «ئىرق بىتىگ» ............ 133
6. شامانىزمدا «كۆزگۈ» (ئەينەك) نىڭ
مەدەنىيەت مەنىسى .......................... 140
7. ئوقيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۆزگىچە
مەنىسى ..................................... 152
ئۈچىنچى باب قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى باشقا
دىنلار ۋە «ئىرق بىتىگ» ..................... 166
1. «ئىرق بىتىگ» دە زەردۇشىزمنىڭ تەسىرى
بارمۇ؟ ..................................... 166
2. مانى دىنى ۋە «ئىرق بىتىگ» ............. 169
3. «ئىرق بىتىگ» دە نېستورىئان دىنىنىڭ بەزى
ئالامەتلىرى ................................ 173
4. بۇددىزملىق قاراشلار ۋە «ئىرق بىتىگ»
.............................................. 174
5. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى
ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرى ............... 181

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب «ئىرق بىتىگ» ۋە باشقا پالنامە، چۈش تەبىرى يازما يادىكارلىقىمىز ........................................ 187
1. «ئىرق بىتىگ» ۋە «پال كىتابى» ...... 187
2. «ئىرق بىتىگ» ۋە «بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» .............................. 193
3. «ئىرق بىتىگ» ۋە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ........................................ 196
4. «ئىرق بىتىگ» ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چۈش تەبىرلىرى .................. 203
5. خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى پالنامىسى «يىجىڭ» (易经) ۋە «ئىرق بىتىگ» .................. 206
بەشىنچى باب قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە «ئىرق بىتىگ» ........... 215
1. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى ........................ 215
2. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئات (ئىلاھىي ئات) نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ۋە «ئىرق بىتىگ» ........................................ 240
3. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلانىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى ...................... 252
4. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىگەن باشقا قاراشلىرى ........................ 263

84
89
102
106
133
140
152
166
166
169
173
174
181

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## « ئىرق بىتىگ » ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 1. « ئىرق بىتىگ » ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئىچىدە ئۇيغۇر رۇنىك يېزىقى (تۈرك - رۇنىك يېزىقى ياكى ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقى) دا پۈتۈلگەن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن « ئىرق بىتىگ » (پال كىتابى ياكى چۈش تەبىرنامىسى) ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلىرى بىلەن بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدە كەڭ ئۇچۇرلار بېرىدۇ.

مەزكۇر يازما يادىكارلىقىمىزنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغانلىرىدىن بىر نەچچە خىل نۇسخىسى بار. ئۇنىڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسىنى ئا. ستەين دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى مىڭئۆيدىن تاپقان بولۇپ، بۇ نۇسخا جەمئىي 104 بەت، ھەر بىر بېتىدە 40 _ 70 كىچە رونا (ھەرپ) بار.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ئا. لېكوك پىچاننىڭ تويۇق يېزىسىدىن تاپقان، بۇ نۇسخا جەمئىي يۈزدىن ئارتۇق ياپراقچە بولۇپ، ھەر بىر ياپراقتا 31 قۇردىن خەت بار.

« ئىرق بىتىگ » نىڭ يەنە باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىلىرىمۇ تېپىلغانلىقى مەلۇم.[1]

بۇ نۇسخىلار ئىچىدە ئا. ستەين تەرىپىدىن دۇنخۇاڭ بېزەكلىكتىن تېپىلغان ۋە تومسېن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىنغان ئۇيغۇر رۇنىك يېزىقىدىكى نۇسخا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قەدىمىيدۇر.

« ئىرق بىتىگ » نىڭ ئالدىنقى ئىككىلا نۇسخىسىنى دانىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ ۋ. تومسېن تۇنجى قېتىم ترانسكرىپسىيلەشتۇرۇپ، تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەلقئارادىكى مەشھۇر تۈركولوگلاردىن گېرمانىيىلىك ئا. ۋ. گابائىن خانىم، روسىيىلىك س. گ. كىلياشتورنىي، س. ي. مالوف، ۋ. ئى. ستېبلىۋالار مەزكۇر يادىكارلىقىمىزنى تىل - يېزىق ئالاھىدىلىكى ھەمدە ژانىر ئالاھىدىلىكى نۇقتىلىرىدىن تەتقىق قىلدى. بىزدىن بولسا، تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر - رۇنىك يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ، 1980 - يىلى « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۆزىنىڭ بۇ قەدىمكى مىراسى بىلەن قايتا تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. 1983 - يىلى، مەشھۇر تۈركولوگ ئالىم تالات تېكىن گېرمانىيىدىكى ۋىسبادېن شەھىرىدە « ئىرق بىتىگ تەبىرنامىسى » ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، « ئىرق بىتىگ » نىڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسىنىڭ مەتنىسى، ترانسكرىپسىيىسىنى، ئېنگلىزچە تەرجىمىسىنى ۋە زۆرۈر ئىزاھلارنى بېرىپ ئۆتتى.[2] « ئىرق بىتىگ » نى تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىمى ھۇسەيىن نامىق ئورقۇن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى» ناملىق كىتابىدىمۇ ئېلان قىلغانىدى.[8] بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ھېچقايسىسىدا مەزكۇر ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنمايدۇ. ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولغان «ئىرق بىتىگ» تاكى ھازىرغىچە مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە «ئوپېراتسىيە» قىلىنغىنى يوق. بۇ، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ھالدۇر.

«ئىرق بىتىگ» نىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قەلەم قۇۋۋىتى ئىنتايىن ياخشى بولغان بىر كىشى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان. چۈنكى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر بايان بار:

«بارس (يولۋاس) يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تايگۈنتان بۇتخانىسىدىكى كىچىك راھىبلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئاتىلغۇچىمىز ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتەچۇق ئۈچۈن پۈتۈدۈم».

مۇشۇ باياننىڭ ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەزكۇر ئەسەر راھىبلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئالىي سانغۇنلار ئۈچۈن پۈتۈلگەن، بۇنى پۈتكۈچى قەلىمى پىشقان بىر راھىب ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. «ئىرق بىتىگ» نىڭ ئا. ستەيىن تاپقان دۇنخۇاڭ نۇسخىسى، يەنى قولىمىزدىكى نۇسخا ھازىر ئۇلۇغ بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا 8212 (161)

(كونا نومۇرى CH.0033) دېگەن نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. مەزكۇر نۇسخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 13.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەغىزى ئىنتايىن قېلىن بولۇپ، سارغىيىپ كەتكەن. مەزكۇر كىتاب قولدىن - قولغا ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق ئىشلىتىلگەچكە، بەت ئەتراپلىرى ئازراق بۇزۇلغان. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر كىتابنىڭ خەت بار يۈزى 104 بەت. 5 - ياپرىقىنىڭ كەينى تەرىپىدىن 57 - ياپرىقىنىڭ ئالدى يۈزىگىچە ھەر ياپراقنىڭ ئىككىلا يۈزىگە خەت يېزىلغان. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى بېتى، يەنى 103 -، 104 - بەتلىرىنىڭ ئاخىرى قىزىل موي قەلەم بىلەن يېزىلغان. ھەر بىر بېتىدە ناھايىتى چوڭ بوشلۇق قالدۇرۇلغان بولۇپ، پەقەتلا 8 - 9 قۇر خەت، ھەر بىر قۇرىدا 8 - 10 غىچىلا ھەرپ بار. بەزى بەتلىرىدە، بولۇپمۇ كىتابنىڭ باش قىسمى بىلەن ئاخىرقى قىسىملىرىدا نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە خەتلەر بار. ئەمما، بۇ خەتلەرنىڭ ئەسلى كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن ھېچقانداق مەنەن باغلىنىشى يوق. ئېھتىمال، خەنزۇچە خەتلەر كېيىنكى چاغلاردا يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان دەۋرى ھەققىدىكى قاراش خەلقئارادا يەنىلا بىردەك ئەمەس. بەزى ئالىملار «ئىرق بىتىگ» 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەلەمگە ئېلىنغان دېسە[4]، بەزى ئالىملار 9 - ئەسىرگە ئائىت دەيدۇ،[5] يەنە بەزىلەر «ئىرق بىتىگ» نى 9 — 10 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەيدۇ.[6]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىرغىچە بىز، تومىسىنىڭ «ئىرق بىتىگ» 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرى قەلەمگە ئېلىنغان،⑦ دېگەن قارىشىنى مۇۋاپىق كۆرىمىز.

«ئىرق بىتىگ» نى تىل ئالاھىدىلىكى، يېزىق ئالاھىدىلىكىدىن تەتقىق قىلغان ئالىملاردىن يەنە گ. كلاۋسون، ئا. ئارلوتتو قاتارلىقلارمۇ بار.

«ئىرق بىتىگ» دە جەمئىي 65 چۈش تەبىرى بولۇپ، بۇ چۈش تەبىرلىرىنىڭ 39 غا ədgü (ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك)، 18 گە yablak (يامانلىق) دەپ تەبىر بېرىلگەن، ئالتە چۈش ھۆكۈمسىز قالدۇرۇلغان ياكى anqa bilinglər (شۇنداق بىلىڭلار) دەپلا ئاخىرلاشقان.

## 2. چۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان ۋە «ئىرق بىتىگ»

ئىنسانلار دۇنياسى پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ئىنسان بالىسى چۈشتىن ئىبارەت بۇ فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىنىڭ سىرى ھەققىدە ھەرخىل ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. پەن - تېخنىكا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر چۈش ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىۋاتىدۇ. ئەدىبلەر، چۈش كىشىلەرنىڭ بىر خىل مەنىۋى جەھەتتىكى ئۇمىدى دېسە، تېببىي ئالىملار چۈش كۆپىنچە ھاللاردا بەزى كېسەللىك ھادىسىلىرىنىڭ بىشارىتى دەيدۇ. غەرب دۇنياسىدا بەزى ئالىملار چۈش سىقىلغان روھنىڭ قايتا نامايان بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە روھىي جەھەتتە تەسەللىي بېرىشى، دېگەن

قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[8] بەزى تەتقىقاتچىلار چۈشتىكى ھادىسىلەرگە قاتتىق ئىشىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا سىرلىق تون كىيگۈزىدۇ. بەزىلەر چۈشكە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئۇنى قۇرۇق خىيالىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ قىلىدۇ. دېمەك، [9]چۈش توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭمۇ قاراشلىرى بۈگۈنگىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق. ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنگىچە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى كۆرگەن چۈشلەرنىڭ تەبىرلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى ۋە مەخسۇس چۈشلەرگە تەبىر بەرگۈچى قۇرئەندازلارنىڭ مەيدانغا كېلىپ، ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلاپ مېڭىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ھازىر چۈش توغرىسىدىكى تەتقىقات باشقا ھەرقانداق تەتقىقاتقا قارىغاندا يەنىلا باشلانغۇچ باسقۇچتا تۇرماقتا. چۈشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە سىرى پۈتۈنلەي ئېچىلىشتىن تېخى ناھايىتى يىراق. ئەگەر چۈشنىڭ ھەقىقىي سىرى تولۇق ئېچىلسا، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش مۇساپىسىدىكى ئىنتايىن زور سەكرىشى بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق، ئەلۋەتتە! شۇنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتىش كېرەككى، چۈش بىر خىل ئىنتايىن مۇرەككەپ پسىخولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە، چۈش توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار پەلسەپە، سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، دىنشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق پەن ساھەلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چۈشنىڭ ئۆزى قۇرۇقتىن قۇرۇق نەرسە ئەمەس. چۈنكى، چۈشنىڭ ماددىي ئاساسى بار. بۇ ئاساس ئادەمنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى، بولۇپمۇ چوڭ مېڭىسىدىن

ئىبارەت. چۈشنىڭ پەيدا بولۇشىدا يەنە بىر ئاساس باركى، ئۇ بولسىمۇ شەيئىلەر تارقاتقان سەزگىلى بولىدىغان ۋە سەزگىلى بولمايدىغان ھەرخىل ئۇچۇرلارنىڭ چوڭ مېڭىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمۇ چۈشنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئادەمنىڭ مىجەزى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، سالامەتلىكى ۋە باشقىلارمۇ چۈش ھادىسىلىرىگە بەلگىلىك سەۋەب ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئىنسانىيەت ناھايىتى قەدىمىي بالىلىق دەۋرلىرىدىن تارتىپلا چۈشكە ئالاھىدە قىزىققان بولسىمۇ، ئەمما چۈشنىڭ ئىلمىي سىستېما بويىچە تەتقىق قىلىنىشى پەقەت يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلمىي ئەمگەكتۇر. بۇ بىر ئەسىردىن بۇيانقى چۈش تەتقىقات تارىخىنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا چۈش ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە شەرھلەر ئومۇمەن سىگمۇند فىروئىد تەھلىلى نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلدى. ئىككىنچى باسقۇچ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن ھازىرغىچە بولغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى چۈش تەتقىقاتى ئىزچىل ھالدا تەجرىبىخانىلاردا تەجرىبە قىلىش ۋە كۆزىتىپ تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلماقتا. راستىنى ئېيتقاندا، يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى بۇ تەجرىبىخانا تەتقىقاتى ئەمەلىيەتتە سىگمۇند فىروئىد نەزەرىيىلىرىنى قايتا ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنى بېيىتىشنى ئاساس قىلدى.

ئالىملار ئىككىنچى باسقۇچتىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ:

1. چۈشنىڭ روھىي پاتولوگىيە (كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى ھەم قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن) تەتقىقاتى.

مەزكۇر تەتقىقات سىگمۇند فىروئىدنىڭ 1900 – يىلى نەشر قىلىنغان مەشھۇر ئەسىرى «چۈش تەھلىلى» (The interpretation of breams) بويىچە بىر قەدەر ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بارغان. بۇ تەھلىللەرنى مۇنۇ نۇقتىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ:

(1) چۈش كۆرگۈچىنىڭ بايان قىلغان چۈشى پەقەت بىر خىل سىمۋوللۇق ئىپادىنىڭ سىمۋولىدىن باشقا يوشۇرۇن مەنىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا، چۈش كۆرگۈچىنىڭ بايانىغا جەزمەن ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىش لازىم. بولمىسا چۈش كۆرگۈچىمۇ ئۆزى كۆرگەن چۈش كارتىنىسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. چۈش تەھلىلى بىلەن بەزى كېسەللىكلەر (روھىي كېسەللىكلەر) نىڭ يوشۇرۇن ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ پسىخولوگىيىلىك جەريانىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، سىگمۇند فىروئىد «چۈش يوشۇرۇن ئاڭغا تۇتىشىدىغان بىۋاستە يول» دەپ قارىغان. سىگمۇند فىروئىد چۈش تەھلىلى بىلەن شۇغۇللانغاندا قوللانغان ئاساسلىق ئۇسۇل ئەركىن تەسەۋۋۇردۇر. چۈش كۆرگۈچى نېمىنى ئويلىغان بولسا، شۇنى ئەينەن ئىپادىلەش، ھېچقانداق غەيرىي تەركىب قوشماسلىق كېرەك.

(2) چۈشنىڭ بارلىق مەزمۇنىنى فىروئىد چۈش كارتىنىسى دەپ ئاتىغان. چۈش كارتىنىسى ئىككى قاتلامغا

www.uyghurkitap.com

بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، گەۋدىلىك چۈش كارتىنىسى بولۇپ، بۇ چۈش كۆرگۈچى ئويغانغاندىن كېيىن ئەسكە ئالالايدىغان كارتىنىدۇر. گەۋدىلىك چۈش كارتىنىسى، كارتىنىنىڭ سىرتقى قىسمى بولۇپ، ئاڭ قاتلىمىغا تەۋە. شۇڭا چۈش، كۆرگۈچى ئۇنى ئەينەن بايان قىلالايدۇ. ئىككىنچى، يوشۇرۇن چۈش كارتىنىسى بولۇپ، ئۇ كارتىنىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى. بۇ قاتلامنى چۈش كۆرگۈچى ھېس قىلالمايدۇ. پەقەت مەزكۇر قاتلاملا چۈش كارتىنىسىنىڭ ھەقىقىي ھالىتىدۇر.

(3) چۈش كۆرگۈچىنىڭ بايانى ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن قاتلامدىكى كارتىنىنىڭ باشقا شەكىلدە ئىپادىلىنىشى، بۇ چۈش جەريانى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشنىڭ مەزمۇنىدا تۆت خىل ئالامەت، يەنى تۆت خىل ئۆزگىرىش بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئىخچاملىنىش بولۇپ، بۇ گەۋدىلىك چۈشتىكى ۋەقەلىكنىڭ يوشۇرۇن چۈشتىكى ۋەقەلىكتىن كۆپ ئاز ۋە ئاددىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، چۈش كۆرگۈچىنىڭ بايانىدىكى ئادەتتىكى مۇھىم بولمىغان كىچىك، پارچە ـ پۇرات ۋەقەلىكلەر يوشۇرۇن چۈشتىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلار بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ يوشۇرۇن چۈش گەۋدىلىك چۈشكە ئۆزگەرگەندە، چۈشتىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆتىشىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچىسى، سىمۋوللىشىش بولۇپ، -بۇ يوشۇرۇن چۈشتىكى سىقىلغان ئاڭنى كۆرسىتىدۇ. سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىش گەۋدىلىك چۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تۆتىنچىسى، تۈزىتىلىش ۋە قوشۇلۇش بولۇپ، بۇ چۈش كۆرگۈچى چۈشنى بايان قىلىش جەريانىدا،

ئېنىق ياكى ئېنىقسىز ھالدا چۈشىدىكى بەزى تەپسىلاتلارنى ئۆزگەرتىۋېلىش ياكى بەزى تەپسىلاتلارنى قوشۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

(4) چۈشنىڭ رولىدىن قارىغاندا چۈش ئارزۇ - ئىستەكنىڭ قاندۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇيقۇنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە چۈش ئاڭ قاتلىمىنىڭ، شۇنداقلا يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىنىڭ جىددىيچىلىك ۋە بېسىمىنى يەڭگىللىتىدۇ.

## 2. چۈشنىڭ پسىخولوگىيە تەجرىبە تەتقىقاتى

چۈشنىڭ پسىخولوگىيە تەجرىبە تەتقىقاتى 1953 - يىلى ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېڭە ئېلېكتر دولقۇنى تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ئۇيقۇنى تەكشۈرۈپ، ھېس قىلغان قىزىقارلىق بايقاشلىرىدىن باشلاندى. بۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى كېلىتمان ۋە ئۇنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى ئاسېرىنسكىي ئىدى. ئاسپىرانت ئاسېرىنسكىي تەجرىبە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىدىكى ھەر قايسى باسقۇچلاردا ئىپادىلەنگەن مېڭە ئېلېكترون ئېنسېفالوگراف ( مېڭە ئېلېكتر دولقۇنى ۋە مېڭە پائالىيىتى گرافىك تەسۋىرى ) ئىنكاسىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۇيقۇنىڭ دەۋرلىنىشى ئىچىدە، ھەر قېتىم ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا تەجرىبە قىلىنغۇچىنىڭ قاپىقىنىڭ جىددىي ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان. تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئادەم دەل مۇشۇ باسقۇچتا چۈش كۆرىدىغانلىقى دەلىللەنگەن. شۇندىن باشلاپ دۇنيادىكى نۇرغۇن پسىخولوگلار مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ چۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ

بېرىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتلارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇشقا بولىدۇ:

(1) كىچىلىك ئۇيقۇدا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چۈشى ئادەم ئۇيقۇغا كېتىپ تەخمىنەن 90 مىنۇتتىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. بىر قېتىم چۈش كۆرۈش ۋاقتى تەخمىنەن 5 ~ 15 مىنۇت (ئوتتۇرىچە تەخمىنەن 10 مىنۇت) قىچە بولىدۇ. يېرىم كېچىدىكى ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئۇيقۇ باسقۇچلىرى دەۋرلىنىپ تۇرىدۇ.

(2) ئادەم بىر كېچىدە تەخمىنەن 4 ~ 6 قېتىمغىچە چۈش كۆرسىمۇ، ئويغانغاندىن كېيىن نېمىشقا ئېسىدە چۈشنىڭ ئازلا بىر قىسمى قالىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەرخىل قاراشلار بار. بەزى تەتقىقاتچىلار، بىر قانچە چۈش ئۆز ئارا بىر - بىرىگە توسقۇنلۇق قىلىپ قويىدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېڭى كۆرگەن چۈش ئالدىدا كۆرگەن چۈشلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىكەن. شۇڭا، ئورۇندىن تۇرۇشتىن ئىلگىرى كۆرگەن ئەڭ ئاخىرقى چۈشلا ئەستە قالىدىكەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، چۈشتە كىشى نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئىشلارغا دۇچ كەلگەچكە، چۈش كۆرگۈچى ئۇنى ئەستە تۇتۇۋالغۇسى كەلمەي، تەرك قىلىشقا ئالدىرايدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، چۈش ناھايىتى قىسقا مۇددەتلا يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چوڭ مېڭىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك خاتىرىسىگىلا كىرىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك خاتىرىگە كىرىش ئۈچۈن تەكرارلىق كېرەك. شۇنداق بولغانلىقتىن چۈش كۆرۈنۈشلىرى تەبىئىي ھالدا ئاسان ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

(3) 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بەزى

تەتقىقاتچىلار چۈش كارتىنىسىنىڭ مەزمۇن تەھلىلى تەتقىقاتىغا ئىشتىراك قىلىپ، چۈش كارتىنىسىنىڭ مەزمۇنىدىن تۆۋەندىكى ئورتاق كۆرۈنۈشلەرنى بايقىدى: بىرىنچى، ھەرخىل ئادەملەرنى چۈشەش؛ ئىككىنچى، ھەر خىل ھايۋانلارنى چۈشەش؛ ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى چۈشەش؛ تۆتىنچى، بەخت ۋە بەختسىزلىكنى چۈشەش؛ بەشىنچى، غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى چۈشەش؛ ئالتىنچى، ئۆي ئىچى ۋە تالادىكى پائالىيەتلەرنى چۈشەش؛ يەتتىنچى، ماكان ۋە نەرسىلەرنى (شەيئىلەرنى) چۈشەش؛ سەككىزىنچى، چۈشتە روھىي كەيپىياتنىڭ ئەكس ئېتىشى.

دېمەك، چۈش ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار گەرچە كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چۈشنىڭ زادى قانداق ھادىسىلىكى، ئۇنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلەر ئەتراپلىق جاۋابلارغا موھتاج بولۇپ كەلمەكتە.

ئۆرپ - ئادەت ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ چۈشكە ئىشىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇرلار چۈش كۆرسە ئۇنى پالچى ياكى قۇرئەندازلارغا ئۆرۈگۈزىدۇ. بىلىملىك ۋە تەقۋادار كىشىلەرگە چۈشنىڭ شەرھىسىنى ئېيتقۇزۇش ئۇيغۇرلاردا ئۇدۇمغا ئايلانغان. بۇ ھەقتە كىلاسسىكلىرىمىزدا كۆپ بايانلار بار. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

5955. بىلىمسىزگە چۈشنى ئېچىپ دېمىگىن،

كېچىكتورمەي ئۇنى بىلگەنگە دېگىن.

5998. ئۆزۈڭچە ئۆرۈمە كۆرگەن چۈشۈڭنى،

ھەم ئېيتما كۆرگەن كىشىگە ئۇنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈش ئىلمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ ئىلمنى بىلمەي تۇرۇپ چۈشكە ئالدىراپ تەبىر بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى، چۈشكە تەبىر بېرىشنىڭ ئۆزى بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

5993. كېرەك ياخشى بىلمەي، بۇ چۈش ئىلمىنى،
قىلىپ ئېھتىيات، خوپ ئۆرىسە ئۇنى.

5994. كۆپ خىل ئېرۇر بۇ چۈش ئۆرىمەك،
ئى تەمكىن ئەر، ئۇنى بىلمەكلىك كېرەك.

6000. ئۆرۈۋەرمە چۈشنى، بىلىم بىرلە ئۆر،
قىياسەن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئۆر.

ناھايىتى يىراق قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپلا كىشىلەر چۈش ھەققىدە ھەر خىل تەھلىللەرنى قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ چۈش قاراشلىرى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخى بىلەن بىرلىشىپ مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا چۈشلەرنىڭ مۇقىم تەبىرلىرى ۋە تەبىرچىلىرى بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 6016-، 6021-، 6028-، 6029-، 6030- بېيتلىرىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا چۈش ھەققىدە يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەر بار:

6005-، 6006-، 6007-، 6008-، 6009-، 6010-، 6011-، 6012-، 6013-، 6014-، 6062-، 6063-، 6064-، 6065-، 6066-، 6068-، 6290-، 6292-.

دېمەك، بىزنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىمۇ چۇش ھەققىدە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئەمدى بىز چۇشكە تەبىر بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى بىز ئۆزگىچە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىمىز. چۇشكە تەبىر بېرىش پالچىلىق (رەمباللىق) نىڭ ئۆزگە خاس بىر خىل تۇرىدۇر. بۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى دىنىي چۇشەنچىلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، چۇشلەرگە تەبىر بېرىش ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي زامانلاردىن باشلانغان. قولىمىزدىكى «ئىرق بىتىگ» گەرچە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مول مەزمۇنلار ئۇيغۇرلاردىكى چۇشكە تەبىر بېرىشنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرلىرىدىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ، مەسىلەن بىز مۇنۇ چۇش تەبىرىگە قاراپ باقايلى:

38 - ، 39 - . «تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ، يەر - جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلگىكى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۇش تەبىرىدە، خەلقىمىزنىڭ باللىق دەۋرلىرىدىكى قۇياشنى ئۇلۇغلاش، يەنى كۈن تەڭرىگە تېۋىنىش قاراشلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. دېمەك، چۇشلەرگە تەبىر بېرىش، چۇشلەرگە سىرلىق نەزەر بىلەن قاراپ، سېھرىي تون كىيگۈزۈش بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىمۇ بەك ئۇزاق قەدىمىي زاماندىن باشلىنىدۇ. بىز

يۇقىرىدا چۈشىنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساسى بار، دەپ ئۆتكەنىدۇق، شۇ پىكىرىمىز بويىچە بىز «ئىرق بىتىگ» نى تەھقىقلەپ كۆرسەك، قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىي بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان مول مەزمۇنلارنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە ئەكس ئەتكەن ئوبيېكتىپ مول مەزمۇنلار بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ چۈش ئەمەلىيەتلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشماسلىقىمۇ تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزدىن تالاي ـ تالاي ئىرالار مۇقەددەم ياشىغان ئىجتىمائىي جەمئىيىتى، شۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تولۇق كارتىنىسى بۈگۈنكى ئەۋلادقا تولۇقى بىلەن ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ كېلىنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئىرق بىتىگ» دىكى مەزمۇنلار بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ يۈرگەن چۈش تەبىرلىرى بىلەن خېلى زىچ باغلىنىشلىق. بۇ ئۇزاق ئىزچىللىقىمۇ ئۇزۇلمەس سىمفونىيىدەك، بۇ ئۇزۇن ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەھىپىلىرىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرماقتا. چۈشكە تەبىر بېرىش مەنىۋى يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىنتايىن كەڭ ئەۋج ئېلىپ كەلمەكتە.

«ئىرق بىتىگ» ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلىرى بىلەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «ئىرق بىتىگ» دە بايان قىلىنغان چۈش تەبىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، چۈشىدە پادىشاھنى كۆرسە بەخت ـ سائادەتكە ئىگە

بولىدۇ، چۈشىدە قاراقۇش كۆرسە ئامىتى كېلىدۇ، چۈشىدە ئورۇق ياكى ئاغرىق ئات مىنسە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، چۈشىدە سېمىز ئات مىنسە ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ، چۈشىدە يامغۇر كۆرسە تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ، چۈشىدە بۆغا كۆرسە بالا ـ قازادىن قۇتۇلىدۇ . . . .

پالچىلىقنىڭ تۈرى ۋە شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، چۈشكە تەبىر بېرىش، تەبىر ئېيتىش، ئاسمان جىسىملىرىغا قاراپ پال ئېچىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ دائىرىگە كىرىدۇ.[10] قىممەتلىك يازما يادىكارلىقىمىزدىن بولغان «ئىرق بىتىگ» مۇ پالچىلىقنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىش تۈرىگە مەنسۇپ. شۇڭا، بەزىلەر «ئىرق بىتىگ» نى «پالنامە»، «پال كىتابى» دەپمۇ ئاتىدى.[11] بىزنىڭچە مەزكۇر ئەسەرنى «چۈش تەبىرى» دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئەلۋەتتە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى 《irk》 دېگەن سۆزنى مەھمۇد قەشقىرى «رەمباللىق، پالچىلىق، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق» دەپ ئېنىق ئىزاھلايدۇ.[12] بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك 《biti g》 دېگەن سۆزنىڭ يەشىمىسى «پۈتۈك، كىتاب» دېگەن بولىدۇ. دېمەك مۇشۇ بويىچە بىز ئۇنى «پال كىتابى» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ئەمما كىتابتىكى مەزمۇن پالچىلىقنىڭ چۈشلەرگە تەبىر بېرىش قىسمىغا تەۋە بولغاچقا، يەنە كېلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە 《irk》 دېگەن سۆز چۈش تەبىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدىكى پالچىلىق ۋە رەمباللىقنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي ئاتالما بولغاچقا، ئۇنى «چۈش تەبىرى» دەپ ئاتىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارايمىز.

## 3. « ئىرق بىتىگ » نىڭ ژانىر تەۋەلىكى

« ئىرق بىتىگ » نى تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلغۇچى دانىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ ۋ. تومسېن بۇ كىتابنىڭ ئەسلى پىروزا بىلەن يېزىلغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن،[13] نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئۇنى « پىروزا ئەسەر» دەپ چۈشىنىپ كەلگەندى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا شەھىرىدە شەرق ئەدەبىياتى باش رېداكسىيىسى تەرىپىدىن « شەرق خەلقلىرىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى » ناملىق ماقالىلار توپلىمى رۇسچە نەشر قىلىندى. مەزكۇر توپلامدا ۋ. ئى. ستېبلىۋانىڭ « قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تەبىرنامە نەزمىي ئەسەر » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركولوگىيە ساھەسىدە بۇ ھەقتە ئازراق غۇلغۇلا بولدىيۇ، پەسىيىپ قالدى. قىسقىسى ۋ. ئى. ستېبلىۋانىڭ « ئىرق بىتىگ » نەزمىي ئەسەر، دېگەن قارىشى پۇت دەسسەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى پۈتۈن قارىشىنىڭ نېگىزى تۆۋەندىكىچە:

(1) « تەبىرنامە » نەزمىي ئەسەر. ئۇنىڭ تېكىستىنى شېئىرىي مىسرالارغا ئايرىغاندا، خۇددى كۆل تېكىن، تونيوقۇق ۋە بىلگە قاغان توغرىسىدىكى مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىگە ئوخشاش، ئاساسەن ئۈچ مىسرا ۋە تۆت مىسرالىق بېيىتلارغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە خېلى كۆپ ساندا بەش مىسرالىق بېيىتلار بولسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە ئۇلار « بىلىڭلاركى، بۇ ياخشىلىق (ئەزگۇ) ياكى يامانلىق

(يابلاق) » دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاياغلاشقان بىر پۈتۈن پىكىرنى بىلدۈرىدىغان تۆت مىسرالىق شېئىرلاردىنلا ئىبارەت. بۇ تەبىرنامە تېكىستلىرىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى داستانلارنىڭ تېكىستلىرىگە ئوخشايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەربىر چۈش تەبىرىنىڭ باش قىسمىدا ئالاھىدە روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «تەبىرنامە» نىڭ 15 ـ بابى «üzə tuman turdi, asra toz turdi» (يۇقىرىدا تۇمان پەيدا بولۇپتۇ، تۆۋەندە توزاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ) دېگەن ئىككى مىسرالىق تۈستىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا:

[15] kux oƣlī uqa aztī,
kiyik oƣlī yügürü aztī,
kixi oƣli yorīyu aztī.

يەشمىسى:

قۇشلار ئۇچتى، يولدىن ئازدى،
ھايۋانلار قاچتى، يولدىن ئازدى،
ئادەملەر ماڭدى، يولدىن ئازدى.

دېگەن ئۈچ مىسرالىق بېيىت بىلەن ئاساسىي مەزمۇن بايان قىلىنغان ۋە ئاخىرى خۇلاسە ـ ھۆكۈم: «يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچ يىلدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ، خۇشال بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۇ» دېگەن تۆت مىسرالىق بېيىت بىلەن ئاياغلاشقان. بىز بۇنى كۆل تېكىن قەۋرە تېشىدىكى كىچىك ئابىدىنىڭ ئۈچىنچى تېكىستى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇ «مۇشۇنداق كۆپ خەلقنى مەن ئويۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق، تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن تېغىدا ئولتۇرىۋەرسە، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئالدى تەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

( شەرق ) تىن سەندۇڭ تۇزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم.
دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ بىرىشقا ئاز قالدىم، ئوڭ
( جەنۇب ) تەرەپتىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم،
تىبەتكە يېتىپ بىرىشقا ئاز قالدىم » دېگەن ئۈچ مىسرا بىلەن
ئاساسىي مەزمۇن - ھەربىي يۈرۈشلەر بايان قىلىنغان.
دېمەك، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى شېئىرىي شەكىللەر
بىلەن « تەبىرنامە » نىڭ شېئىرىي قۇرۇلما شەكلى
ئوخشاش.

(2) « تەبىرنامە » نىڭ ئايرىم بېيىتلىرىدا باشلىغۇچى
مىسرالارنىڭ بۇلۇش - بولماسلىقى، بابلارنىڭ ئۇزۇن ياكى
قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باب تېكىستلىرىنىڭ بەدىئىي
قۇرۇلۇشى تامامەن ئوخشاش. يەنى ئالدى بىلەن باشلىغۇچى
مىسرا، ئاندىن تىڭشىغۇچىنى ئاخىرى ياخشى ياكى يامان
يەكۈنگە يېتەكلىگۈچى بايان، ئەڭ ئاخىرىدا يەكۈن بېرىلگەن.
مەسىلەن، بىز پۈتۈن باب تۆت مىسرالىق بېيىتلاردىن
تەركىب تاپقان ئەھۋالنى كۆرەيلى:

[37]b i r ķ a r ī θ k u z ü g b i l i n b i q ə
ķ o m u r s a y i m i x , ķ a m x a y u u m a t m̄
t u r u r t i r , a n q a b i l i n g l ər , y a b -
l a ķ o l .

يەشمىسى:

بىر قېرى ئۆكۈزنى چۈمۈلىلەر يەپتۇ،
ئۇ، يۆتكىلىشكە مادارى يوق،
ئورنىدا تۇرۇپتۇ،
بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

« تەبىرنامە » تېكىستىنىڭ بېيىت مىسرالىرىنىڭ
بوغۇم تۇزۇلۇشى ئوخشاش ئەمەس. يەتتە ۋە سەككىز

بوغۇملۇق مىسرالار كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمەن تۆت بوغۇمدىن 11 بوغۇمغىچە تۈزۈلگەن (13 بوغۇملۇق مىسرا پەقەت بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ).

(3) «تەبىرنامە» تېكىستىدىكى بېيىتلارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى ئاللىتېراتسىيە سىستېمىسى بويىچە تۈزۈلگەن. بۇ ئاللىتېراتسىيە مەزكۇر تېكىستنىڭ بېيىتلارغا ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر بەلگە. مۇنۇ بېيىت پىكرىمىزنى دەلىللەشكە يېتىدۇ.

[53] boz bulīt yorīdī
budun üzə yaɣdī
ķara bulīt yorīdī
ķamīɣ üzə yaɣdī

يەشمىسى:

بوز بولۇت پەيدا بولۇپ،
كىشىلەر ئۈستىگە ( يېغىن ) ياغدى.
قارا بولۇت پەيدا بولۇپ،
ھەممە ئۈستىگە ( يېغىن ) ياغدى.

بۇ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى 《boz》 سۆزى ئىككىنچى مىسرادىكى 《budun》 بىلەن، ئۈچىنچى مىسرادىكى 《ķara》 دېگەن سۆز تۆتىنچى مىسرادىكى 《ķamī》 دېگەن سۆز بىلەن ئاللىتېراتسىيىلەنگەن.

(4) «تەبىرنامە» تېكىستىدە سۆزلەر ئۆز ئارا ئاللىتېراتسىيىلىنىش بىلەن، تۇراق - قاپىيىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز يېرىدە بېيىت رىتىمىغا ئاھاڭداشلىق تۈسى بەرگەن. مەسىلەن، بىز تۆۋەندىكى بېيىتنى كۆرۈپ باقايلى:

[50] tīɣ at ķodrukīn tügüp tigrət

www.uyghurkitap.com

yazïɣ kodï yadïr at.

يەشمىسى:

توغ ئاتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇگۈپ تىك قىل،

هورۇن (ئاتىنىڭ) قۇيرۇقىنى قويۇپ بەر.

بۇنىڭدا ئىككىلا مىسرانىڭ 1 ـ، 3 ـ تۇراقلىرى، 1 ـ ۋە 2 ـ مىسرالارنىڭ 2 ـ تۇراقلىرى ئۆزئارا ئاللىتىراتسىيىلەنگەن. دېمەك، ۋ. ئى. ستېبلېۋانىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي مېھنىتىنىڭ ئاساسىي نەتىجىسى «ئىرق بىتىگ» كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولماي، بەلكى نەزمىي شەكىلدە يېزىلغانلىقىنى دەلىللەش بولدى.

«ئىرق بىتىگ» تېكىستىنىڭ تىلى ئىنتايىن پاساھەتلىك ۋە يېقىملىق، خۇددى ۋ. ئى. ستېبلېۋا ئېيتقاندەك ئۇنىڭدا نەزمىي ئالامەتلەر خېلى كۆپ. ئەمما بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇ تولۇق نەزمىي شەكىل بويىچە، يەنى نەسرىي ئالامەتلەردىن مۇستەسنا ھالدا پاكىزە، خاس نەزمىي تۈر بويىچە يېزىلغان ئەمەس. تۈركىي خەلقلەر ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا سەنئەتلىك تىلنى سۆيۈپ كەلگەن. ئۇلار تىلنىڭ مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پاساھىتىنى مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئالىي سەھىپىلىرىدە نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاغزاكى تىلىدا، جۈملىدىن ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تويۇنغان بايانلار ۋە جۈملىلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار ئۇزاق قەدىمىي زاماندىن تارتىپ ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ تولۇق نەزمىي پۇراقلاردا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، بىر مۇنۇ ماقال ـ

تەمسىللەرگە قاراپ باقايلى:

ئۆلۈكنىڭ كۆزىدىن ياش چىقماس،
موللامنىڭ ئۆيىدىن ئاش چىقماس.

ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن.

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول.
قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغىچە،
بۇغداينىڭ سامىنى بول.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە قاپىيە، ۋەزىن ۋە تۇراقلاردىن ئىبارەت مۇزىكىلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسى تولۇق. مانا بۇ خەلقىمىز ئادەتتە ئاغزاكى تىللىرىدا ھەر ۋاقىت ئىشلىتىپ تۇرىدىغان ھەقىقىي شېئىر. بىزنىڭ بەزى ماقال ـ تەمسىللىرىمىزدە تېخى خۇددى « ئىرق بىتىگ » دىكىدەك ئاللىتېراتسىيىلىك ئامىللار ئىنتايىن گەۋدىلىك ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن:
ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.
تۇگمىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ.

يەنە بىز مەدداھلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدىغان قىسسە رىۋايەتلىرىمىز، جەڭنامىلىرىمىزمۇ گاھى باسقۇچلىرىدا يۇقىرىقىدەك نەزمىي ئامىللارغا تويۇنغان ھالدا بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىز « ئەمىر گۇر ئوغلى »،

«كەنئان باتۇر»، «شاھزادە دەرمان ۋە مەلىكە دەۋران» قاتارلىق كۆپلىگەن جەڭنامە، ئەپسانىلىرىمىزنىڭ يېقىملىق ۋە جەزىبدار تىلىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، ئاجايىپ كۈچلۈك مۇزىكىلىق شېئىرىي پۇراقنىڭ بارلىقىنى سېزىمىز. ئەمما بىز ئۇلاردىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ، ئۇلارنى شېئىر ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر دېمەيمىز.

شېئىرىي تۇسنىڭ تەسىرچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. شۇڭا، ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆپىنچە ئۆزگە نەزمىي ئامىللارنى مۇجەسسەملىۋالىدۇ. «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» لىرنىڭمۇ نەزمىي پۇراققا ئىگە بولۇشى نەق مۇشۇ نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئىرق بىتىگ» قەلەمگە ئېلىنغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شېئىرىيىتىدە، بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەتتە شېئىرىي شەكىللەرنىڭ تاكامۇللىشىشى ئورۇنلىنىپ بولغانىدى. مەسىلەن، مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن «تاڭ تەڭرى»، «يورۇق، كۈچلۈك بىلگە تەڭرى»، «مانىغا مەدھىيە» قاتارلىقلارنىڭ شېئىرىي[16] قۇرۇلمىسى بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شېئىر قۇرۇلمىسىدىن قىلچە پەرق قىلمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز «ئوغۇزنامە»، «مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرى» ۋە «ئىرق بىتىگ» تېكىستلىرىنى يەنە قانداقلارچە ساپ نەزمىي تۇس، دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز؟ بىزنىڭچە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرگىنىمىزدەك، سەل

چوڭقۇرراق مەنبەدىن ئويلانساق، نەزمىي پۇراققا ئىگە بولغان نەسرىي (ھازىرچە بىز ئۇنى «قاپىيىلىك نەسر» دەپ ئاتاپ تۇرايلى) تۈس — قاپىيىلىك نەسرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇڭا، بىز ئۇنى («ئىرق بىتىگ» تېكىستىنى) ژانىر يېقىدىن قاپىيىلىك نەسر شەكلىدە يېزىلغان، دەپ قارايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ۋ. ئى. ستېبلىۋا «ئىرق بىتىگ» تېكىستىدىن ئۆزىنىڭ قارىشىنى دەلىللەشكە سەل مۇۋاپىق كېلىدىغان چۈش تەبىرلىرىنى تاللىۋالغان. ئەمەلىيەتتە تېكىست مەتنىسىدە نەزمىي شەكىلگە ئويغۇن كەلمەيدىغان ياكى يېقىنلاشمايدىغان چۈش تەبىرلىرى خېلىلا كۆپ. مەسىلەن:

[65] səmiz at aɣzī katīɣ boltī, idisi umaz tir, anqa bilinglər, yablak ol.

يەشمىسى:

سېمىز ئات (نىڭ) ئاغزى قاتتىق بولۇپتۇ، ئىگىسى (ئۇنى) ئاچالماپتۇدەك. بىلىڭلاركى بۇ يامانلىق.

مانا بۇنداق تەبىرلەردىن ۋ. ئى. ستېبلىۋا كۆرسەتكەندەك نەزمىي پۇراقنى ھېس قىلمايمىز. شۇڭا بىز «ئىرق بىتىگ» نىڭ تېكىستىنى پاك - پاكىز نەزمىي دېيىشنى ئانچە مۇۋاپىق كۆرمەيمىز.

## 4. «ئىرق بىتىگ» نىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

«ئىرق بىتىگ» مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئانىمىزملىق قاراشلار، توتېمىزملىق قاراشلار، شامانىزملىق قاراشلار ۋە كېيىنكى بەزى دەستۇرلۇق دىنلارنىڭ مەلۇم قاراشلىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇڭا ئۇنى بەزى ئالىملار «قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيا قارشىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ يۇكسەك باھالىغاندى. ئۇنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىچە تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن:

(1) ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ھاياتىدىن ئېلىنغان رېئال كۆرۈنۈشلەر بويىچە چۈشلەرگە تەبىر بېرىش. بۇ خىل مەزمۇن ئالاھىدىلىكىدىكى چۈش تەبىرلىرى «ئىرق بىتىگ» دە مۇتلەق كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكىدەك چۈش تەبىرلىرى ئەنە شۇ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە تەۋە:

79 _ 80 _. «ئەر پۇشۇغلۇق (غەمكىن)، ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى. شۇ ئارىدا كۈن چىقىپ، ئىچ پۇشۇقى ئارىسىدا خۇشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

68 _. «كىيىك بالىسى مەن ئوتسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلارمەن؟ دېگۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

مانا بۇ ئىككى چۈش تەبىرىنىڭ بىرىنچىسى ئادەملەر ھاياتىدىن ئېلىنغان دېتال بولسا، ئىككىنچىسى ھايۋاناتلار ھاياتىدىن ئېلىنغان دېتالدۇر.

(2) تەبىئەت تەسۋىرلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ چۈشلەرگە تەبىر بېرىش. «ئىرق بىتىگ» نىڭ بۇ خىل

مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ئومۇمەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدىكى ئانىمىزملىق ۋە شامانىزملىق چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، بىز مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

38 ــ، 39 ــ. « تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ يەر ــ جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ. »

بۇ چۈش تەبىرىدە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ « كۆك تەڭرى » نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

(3) ئەپسانىۋى تۈس ئالغان سۆزنىلار ۋە رىۋايەت تىپىدىكى سۆزنىلاردىن پايدىلىنىپ چۈشلەرگە تەبىر بېرىش. « ئىرق بىتىگ » دىكى بەزى چۈش تەبىرلىرىنىڭ سۆزنىلىرى ئىنتايىن قويۇق ئەپسانە ۋە رىۋايەت تۈسىگە ئىگە. مەسىلەن:

66 ــ، 67 ــ. « لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتىۋاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىقى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ، لاچىن تىرنىقىنى كىرىشتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تېرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق. »

ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرى ئىنتايىن قويۇق ئەپسانە ۋە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان، بولۇپمۇ بۇ چۈش تەبىرىدىكى توشقاننىڭ تېرىسىدىن چىقىپ قېچىپ كېتىش سۆزنىسى پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

(4) ئاتىلار سۆزى ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ چۈشلەرگە تەبىر بېرىش « ئىرق بىتىگ » نىڭ يەنە بىر خىل ئۆزگىچە مەزمۇن

ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن:
89 ـ، 90 ـ. «(بىراۋنىڭ) ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆپكىلەپ كېتىپ قاپتۇدەك، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ (ئويلىنىپ) ئانامنىڭ نەسھەتىنى ئاڭلاي، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»
بىز بۇ چۈش تەبىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىم زامانلاردىن ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان قىممەتلىك ھېكمەتلىرى، ماقاللىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرى ئارىسىدا مۇنداق ماقاللار بار:
«ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ، ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما»، «ئانا ئايىقىدا جەننەت بار.»
دېمەك يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدە مانا شۇ ھېكمەتلىك مەزمۇن ئەكس ئەتكەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «ئىرق بىتىگ» دە تېكىست ھەجىمىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي، مانا شۇنداق كەڭ مەزمۇنلار يوشۇرۇنغان. بۇ خىل مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋ. ئى. ستېبلېۋامۇ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىلىدىكى تەبىرنامە نەزمىي ئەسەر» دېگەن ماۋزۇدىكى ئىلمىي ئەسىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

## 5. «ئىرق بىتىگ» نىڭ تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى مەتىنىدىن ئۆرنەكلەر

بىز بۇ يەردە پەقەت تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ 5 بەت ئۇلگىسىنىلا بەردۇق. سەۋەب شۇكى؛

ئالدى بىلەن نەشىر قىيىنچىلىقى، ئۇندىن باشقا كىتاب
ھەجىمىنىڭ چوڭلاپ كەتمەسلىكى نەزەردە تۇتۇلدى.
قەدىمكى تۈرك يېزىقى تۈرلۈك مەنبەلەردە تۈرك
(ئۇيغۇر) – رۇنىك يېزىقى، تۈرك – يېنىسەي يېزىقى،
ئۇرقۇن – يېنىسەي يېزىقى دېگەندەك ناملار بىلەن كۆزگە
چېلىقىدۇ ۋە شۇ ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. «ئىرق
بىتىگ» مانا مۇشۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن يازما يادىكارلىقلىرى-
مىزنىڭ بىرى. بۇ يېزىقتا تۆت بەلگە ئارقىلىق قەدىمكى
تۈرك، ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش
ئىپادىلەنگەن، 𐰀 بەلگىسى a گە، ə گە، 𐰃 بەلگىسى ī، i غا، 𐰆
بەلگىسى o، u غا، 𐰇 بەلگىسى ө، ü گە ۋەكىللىك قىلغان.
سۆز بېشى ۋە بىرىنچى بوغۇمدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ
ئالدىدا كەلگەن ə، a يېزىقتا ئومۇمەن ئىپادىلەنمىگەن،
سوزۇق تاۋۇش i، ī ۋە ө، u، o، ü لەر بولسا سۆز
بېشى ۋە بىرىنچى بوغۇمدا كەلگەندە يېزىقتا ئىپادىلەنگەن؛
سوزۇق تاۋۇش o، (𐰆) u ياكى ө، (𐰇) ü لەر ئۇزۇك
تاۋۇش (𐰴) ⱪ، (𐰚) k نىڭ ئالدى - كەينىدە كەلگەندە،
يېزىقتا كۆپىنچە ئىپادىلەنمىگەن، قوشۇمچىلاردا بولسا u،
ü لەر ئومۇمەن ئىپادىلەنمىگەن.
b، d، l، n، r، s، t، y لاردىن ئىبارەت
سەككىز ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ھەر بىرى يېزىقتا ئايرىم -
ئىككىدىن ھەرپ بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىپ، بۇلاردىن بىر
يۇرۇشى قاتتىق (يەنى تىل ئارقا) سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا
بىرىكىدۇ، يەنە بىر يۇرۇشى يۇمشاق (يەنى تىل ئالدى)
سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا بىرىكىدۇ. ⱪ (𐰸)، ƣ (𐰍) لار
پەقەت تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا بىرىكىدۇ، g

www.uyghurkitap.com

(ع) ، k(ק) لار بولسا پەقەت تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا بىرىكىدۇ. كەينى - كەينىدىن تەكرارلانغان ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن پەقەت بىرلا بەلگە قوللىنىدۇ. بۇلار قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، «ئىرق بىتىگ» نىڭ «تۈرك- رۇنىك يېزىقىدىكى مەتنىسىدىن ئۆرنەكلەر» نىڭ 5 بېتىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئىشلەندى. تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان ھەربلەر ترانسكرىپسىيە جەريانىدا تۈرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قوشۇلغان ھەربلەرنى كۆرسىتىدۇ.



t(a)ngrilig
kurtɣa yu
r t(t)a ķ(a)lmīs
y(a)ɣl(ī)ɣ ķ(a)mīq
bulu ng(i)n y(a)lɣ(a)
yu tirilm—
īs. əlümtə
ózmīs tir

ər(a)bka barmī—
s. t(a)ɣda ķ(a)m(ī)l—
mīs t(ə)ngrid—
ə, (ə)rkl(i)g ti—
r, (a)nqa biling—
l(ə)r ,
y(a) b(i)z ol.

www.uyghurkitap.com



üzə tum(a)n
turdï, (a)sr—
a toz t—
urdï, ku—
x oγ(l)ï uq—
a azti,
kiyik o—
oγlï yügü

(a)nqa bilingl(ə)r.

kuz oγ unu o
i oγ(a)qka bam—
ïs k(a)t(ï)γ ti b—
a, (ə)dgü ti ba
tir (a)nqa b—
ilingl(ə)r.



kərüsm(i)s,
ķop əgir(ə)—
r, s(ə)binür
tir, (a)nqa
bilingl(ə)r
(ə)dgü ol.



rü azt—
i, kisi o—
oǫli yori—
yu azti,
y(a)na təngri
ķutin ta
üqünq yil—
ta ķop (ə)s—
(ə)n tük(ə)l

www.uyghurkitap.com



y(a)x (o)t ünd—
i, yïlkïka
kisikə (ə)dg—
ü boltï,t—
ir (a)nqa bil—
ingl(ə)r, (ə)dgü
ol.

boz bulït
yorïdï, bod—
un üzə y(a)ɣ d—
ï,k(a)ra bulï—
t yorïdï,
k(a)m(ï) üzə
y(a)ɣdï, t(a)rï
bisdi,



(a)tçiç t(ə)r—
trü kisə—
mis, ķ(a)mxa—
yu umati—
n turur
tir. (a)nqa bi—
lingl(ə)r
y(a) bl(a)ķ ol

ķ(i)mis ar—
a ķ(a)lmis
t(ə)ngri una—
m(a)duķ (a)binq—
u ķatun b—
olzun ti—
r, (a)nqa bil—
ingl(ə)r, (ə)dgü
ol.

www.uyghurkitap.com

## 6. «ئۇرق بىتىگ» مەتنىسىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تولۇق ترانسكرىپسىيىسى

«ئۇرق بىتىگ» نىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەشتە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىندى. بۇ بەلگىلەر مۇنۇلار (تىرناق ئىچىدىكىسى مەزكۇر بەلگىنىڭ خەلقئارا ترانسكرىپسىيىدىكى تەڭدىشى):

| | | |
|---|---|---|
| (b)b | (ɛ)ə | (a)a |
| (f)f | (e)e | (d)d |
| (i)i | (x)h | (g)g |
| (k)k | (dʒ)j | (i)ī |
| (m)m | (ɩ)ɩ | (q)k |
| (o)o | (ŋ)ng | (n)n |
| (tʃ)q | (p)p | (φ)ɵ |
| (t)t | (s)s | (r)r |
| (w)w | (y)ü | (u)u |
| (z)Z | (j)y | (ʃ)X |
| (ʁ) | (h)h | (z)z |

قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «i» ئۇچۇن «ī» بەلگىسى ئىشلىتىلدى.

«ئىرق بىتىگ» مەتنىسىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بويىچە ترانسكرىپسىيىسى

(1) [1]tənsimən yarīn kiqə altun ərgin ü
zə olturupan məngiləyürmən. anqa bili—
nglər , ədgü ol.

(2) [2]ala atlī yol təngrimən yarīn
kiqə əxürmən , utru əki aylī kixi oɣlīn
sokuxmīs , kixi

(3) korkmīx , korkma tīmīx , kut bərgəy—
mən tīmīx , anqa biling , ədgü ol.

(4) [3]altun kanatlī talīm kara
kuxmən , tanīm tüsi takī tükəməzkən ,
taluyda yatīpan tapladukīmīn tu—

(5) tarmən , səbdükümin yiyürmən , an—
daɣ küqlükmən. anqa bilingər , adgü ol.

(6) [4]ərüng əsri toɣan kuxmən , qīntan
īɣaq üzə olurupan məngiləyürmən. anqa bi

(7)linglər .

[5]bəg ər yontīngaru barmix , ak bisi
kolunlumīx , altun tuyuɣluɣ adɣīrlī
yaraɣ—

www.uyghurkitap.com

(8) ay , təbəsingərü barmīx ərüng
in ’ gəni butulamīx , altun budluƣ buƣralīķ
yaraƣay, əbingərü kəlm—
(9) ix , üqünq ķunquyī urīlanmīx , bəglik
yaraƣay tir , mənglig bəg ər ərmix , anyīƣ
ədgü ol.
(10)[6]adīƣlī tonguzlī art üzə soķuxmīx
ərmix , adī īn karnī yarīlmīx , tonguzun
azīƣī sīnm—
(11) īx tir , anqa biling , yablaķ ol.
[7]ər tərkləyü kəlir , ədgü səz sab
əlti kəlir ti—
(12) r , anqa bilinglər , ədgü ol.
[8]altun baxlī yīlanmən , altun
ķuruƣ saķīmīn
(13) ķīlīqīn kəsipən əzüm yolīntīn , ba—
xīmīn yol əbintin tir , anqa bilinglər ,
yablaķ ol.
(14) [9]uluƣ əb ərtənmix , ķatīnga təgi
ķalmaduķ, bəkingə təgi ķalmaduķ tir. an—
qa biling lər , yablaķ ol.
(15) [10]ə sin , gən barsmən , ķamux ara
baxīm , anda alpmən , ərdəmligmən ,
anqa bilinglər.
(16) [11]sarīƣ atlīƣ sabqi , yazīƣ ətlīƣ
yalabaq ədgü səz sab alti kəlir tir , anqa

bilinglər aŋyīƣ adgü ol.
(17) [12]ər abķa barmīx , taƣ da kamīl—
mīx, təngri də ərklig tir , anqa bilinglər ,
yabiz ol.
(18) [13]təngrilig ķurtƣa yurtda kal—
mīx , yaƣlīƣ kamīq bulungīn yalƣayu
tirlmix , əlümdə ozmīx tir
(19) anqa bilinglər.
[14]kuzƣunuƣ īƣaqķa bamīx , ķatīƣtī
ba , ədgüti ba tir , anqa bilinglər.
(20) [15]üzə tuman turdi,asra toz turdi ,
kux oƣlī uqa aztī , kiyik oƣlī yügü—
(21) rü aztī, kixi oƣli yorīyu aztī , yana
tangri ķutīnta üqünq yilta ķop əsən tükəl
(22) kərüxmix, ķop əgirər səbinür tir ,
anqa bilinglər , ədgü ol.
(23) [16]turuķ at səmrti , yirin əpən
yügürü barmīx , utru yirdə
(24) oƣri soķuxup tutupan minmix ,
yilingə ķudursuƣīnga təgi yaƣrīpan ķam—
xayu umatīn turur tir , anqa biling , yab
laķ ol.
(25) [17]əzlük at əng yirdə arip ongup
turu ķalmīx , təngri küqingə taƣ üzə yol
sub kərüpən yīx üzə
(26) yax ot kərüpən yorīyu barīpan

www.uyghurkitap.com

sub iqipən , yax yīpan əlümdə ozmīx tir , anqa bilinglər , ədgü ol.

(27) [18]kərəkü iqi nətəg ol , tügünüki nətəg ol . kəzünüki nətəg kərüklüg

(28) ol , əgni nətəg ədgü ol , baƣ īxī nətəgbar ol tir , anqa bilinglər , ayī ədgü ol.

(29) [19]aⱪ at ⱪarxīsīn üq boluƣ ta ta—lulapan aƣanⱪa ətügkə īdmīx tir , ⱪorⱪma , ədgüti ətün , ayinma ədgü—

(30) ti yalbar tir , anqa biling ədgü ol.

[20]titir buƣ ramən , ərüng kəpü—kümin saqar—

(31) mən , üzə təngrikə təgir , asra yirkə kirür tir , udīƣ maƣ

(32) udƣ uru , yatīƣ līƣ tur ƣuru yorīyurmən , andaƣ küqlügman , anqa bilinglər. ədgü ol.

[21]ⱪara əpgük yīl yarumazkən tədi.

(33) ədməng , kərməng , ürkitting tir , anqa biling.

[22] uzun tonluƣ Kəzüngüsin kəlkə

(34) īqƣ īnmīx , yarin yangrayur, kiqə kəngrənür tir , anqa bilinglər , mung—luƣ ol , anyīƣ yabiaⱪ ol.

(35) [23]oƣ lan kəkük təzkin boltī , quⱪ

ting ķutluƣ bolzun tir , anlqa bilinglər ,
ədgü ol.

(36) [24]təglük ķulun irkək yont(d)a
əmig tiləyür , kün ortu yütürüp , tün ortu
ķanta nəgüdə bol—

(37) ƣay ol tir. anqa bilinglər , yabiz ol.
[25]əki ɵküzüg bir boķasīƣa

(38) kɵlmix ķamxayu umatīn turur tir ,
anqa biling , yablaķ ol.
[26]tang tangladī , udu yir

(39) yarudī , udu kün toƣdī , ķamaƣ
üzə yaruƣ boltī tir. anqa biling , ədgü ol.

(40) [27]bay ər ķoyī ürküpən barmīx ,
bɵrikə soķuxmīx , bɵri a zi əmismix ,

(41) əsan tükəl bolmīx tir , anqa biling—
lər , ədgü ol.
[28]ķan olurupan ordu yap—

(42) mīx , ili turmīx , tɵrt bulungtakī
ədgüsi uyurī tirilipən məngiləyür ,

(43) bədizləyür tir , anqa bilinglər ,
adgü ol.
[29]oyma ər oƣlunīn kixisin tutuƣ
turupan , usīq oyuƣ alp

(44) barmīx , oƣlīn kixisin utuzmaduķ
yana toķuzon box ķoy ütmīx

(45) oƣlī yultuzi ķop ɵgürər tir , anqa

bilinglər, ədgü ol.

[30]qīƣay ər oƣlī ⱪazƣ anqⱪa

(46) barmīx. yolī yaramīx, ɵgirə səbi—

nü kəlir tir, anqa bilinglər, ədgü ol

[31]bars kiyik

(47) əngkə məngkə barmīx, əngin mə—

ngin bolmīx, bolupan uyasingaru ɵgirə

səbinü kəlir tir, anqa

(48) biling, ədgü ol.

[32]bir tabīlⱪu yüz boltī, yüz tabīlⱪu

ming boltī, ming

(49) tabīlⱪu tümən boltī tir, anqa

bilinglər, asīƣ bar, ədgü ol.

[33]kidizig subⱪa suuⱪmīx, taⱪī ur,

ⱪatīƣ tī ba

(50) tir anqa bilinglər, yablak ol.

[34]ⱪan sükə b—

(51) armīx, yaƣīƣ sanqmīx, kɵqürü

ⱪunturu kəlir, ɵzi süsi ɵgirə səbinü or—

dusingaru kəlir

(52) tir, anqa bilinglar, ədgü ol.

[35]ər sükə barmix, yolta atī

(53) armīx, ər ⱪuƣu ⱪuxⱪa soⱪuxmix,

ⱪuƣu ⱪux ⱪanatinga urup anin ⱪalīyu

barıpan ɵgingə ⱪangınga təgürmıx, ɵgü

(54) ⱪangī ɵgirər sabinür tir, anqa

bilinglər , ədgü ol.

[36]əküx atlīƣ əgrünqüng yoķ,
(55) ķobī atlīƣ ķorķīnqīng yoķ , uq–
ruƣluƣ ķutüng yoķ tir , anqa bilinglər ,
anyīƣ yablaķ ol.

[37]bir ķarī
(56) əküzüg bilin biqə ķomursƣ a yi–
mix, ķamxayu umatīn turur tir , anqa
bilinglar , yablaķ ol.
(57)[38]ķamux ara ķalmīx , təngri una–
maduķ , abīnqu ķatun bolzun tir , anqa
bilinglar , ədgü ol.
(58)[39]atīƣ tərtrü kixəmix , ķamxayu
umatīn turur tir , anqa bilinglər,
(59) yablaķ ol.

[40]talīm urī yarīnqa yasīqīn yalīm
ķayaƣ yara urupan yalngusun yorīyur tir,
(60) andaƣ alp ərmix , anqa bilinglər,
ədgü ol.

[41]ərüng əsri ingək boz–
(61) aƣu laqī bolmīx , əlgəymən ti
mix , ərüng əsri irkak boza u kəlürmix ,
iduķluķ yaraƣay, əlümdə ozmix
(62) tir , anqa bilinglər , ədgü ol.

[42]uzun tonluƣ ıdixin ayaķın
(63) ķodupan barmīx , yana ədgüti sa–

www.uyghurkitap.com

ķīnmīx , idiximtə ayaķīmta əngi ķanqa ba—
rīr mən tir , yana kəlmix , idixin ayaķīn
əsən tükəl
(64) bulmīx , əgirər səbinür tir , anqa
bilinglər, ədgü ol.

[43]toƣan ügüz ķuxi

(65) ķuxlayu barmīx , utru talīm ķara
ķux ķopupan barmīx tir , anqa bilinglər ,
yablaķ ol.
(66) [44]toƣan ķux təngridin ķodī. ta—
bīxƣan tipən ķapmīx. toƣan ķux
(67) tīrīngaķī suqulunmīx , yana ti—
tinmix. toƣan ķuxun tīringaķī əgüxüpan
ķalīyu barmīx , tabīxƣan tərisi
(68) əngüxüpən yügürü barmīx , anda
tir , anqa bilinglər. yabīz ol.

[45]kiyik oƣlīmən otsuz

(69) subsuz ķaltī , uyīn nəqük yorīyīn
tir. anqa bilinglər , yabīz ol.
(70)[46]təbə titigkə tüxmix , basīnu yimix,
əzin tilkü yimix tir , anqa bilinglər. yab—
laķ ol.
(71) [47]ər əmələyü barmīx , təngrikə
soķuxmīx. ķut ķolmīx , ķut
(72) birmix , aƣılıngta yilķing bolzun ,
əzüng uzun bolzun timix , anqa bilinglər,

ədgü ol.

(73) [48]ķara yol təngrimən , sīnuķungīn səpərmən, üzükingin ulayurmən , ilig itmixmən.

(74) ədgüsi bolzun tir , anqa bilinglər.

[49]barīs kiyik əngləyü məngləyü bar mīx , ortu yirdə maꝗaķa sok—

(75) uxmīx , əsri maꝗa yalīm ķayaķa ənüp barmīx , əlümtə ozmīx, olümtə o—zupan əgirə səbinü yorīyur

(76) tir , anqa biling , ədgü ol.

[50]tīꝗ at ķodruķīn tügüp

(77) tigrət, yazīꝗ ķodī , yadīr at toķuz ķat üqürgüng topu uluꝗ anqa tərtzun tir , anqa bilinglər , yablaķ ol.

(78) [51]talīm ķara ķuxmən, yaxīl ķaya yaylaꝗ īm , ķizil ķaya

(79) kīxlaꝗ īm , ol taꝗda turupan mə—ngilayürmən. anqa bilinglər.

[52]ər bosuxlu , təngri bulītlī —

(80) boltī , ara kün toꝗ mīx , busanqara—məngi kəlmix tir. anqa bilinglər , ədgü ol.

(81) [53]boz bulīt yorīdī , bodun üzə yaꝗ dī , ķara bulīt yorīdī, ķamīꝗ üzə yaꝗdı, tarıꝗ bixdi,

(82) yax ot ündi , yīlķīķa kixikə ədgü

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

boltī tir. anqa bilinglər , ədgü ol.

(83) [54]ķul sabī bəgingərü ətünür , ķo

zɣun sabī təngrigərü yalbarur , üzə təng

ri əxidti ,

(84) asra kixi bilti tir , anqa bilinglər ,

ədgü ol.

[55] alp ər oɣlī sükə barm—

(85) īx,sü yirintə ərklig sabqi türtmix

tir,əbingərü kəlsər,əzi atanmīx, əgrünqü—

lüg atī yitiglik

(86) kəlir tir , anqa bilinglər , anyïɣ ədgü.

[56]əgringə ķutluɣ adɣīr mən,

yaɣaķ īɣaq yaylaɣīm , ķuxluɣ

(87) īɣaq ķīxlaɣīm , anda turupan mə—

ngiləyürmən tir , anqa bilinglər ,ədgü ol.

[57]ķanɣī əlmix , kəngəki

(88) tongmīx , ķanɣī nəlük əlgəy ol ,

bəglig ol , kənəki nəlük tongɣ ay ol,

kənəxkə olurur ol. anqa

(89) bilinglər,bu īrķ baxinta az əm—

gəki bar, kin yana ədgü bolur.

[58]oɣlī əgintə ķangīnta

(90) əpkələpən təzipən barmīx , yana

saķīnmīx, kəlmix , əgüm ətin alayīn , ķa

ngım sabın tınglayın

(91) tip kəlmix tir , anqa bilinglər,

ədgü ol.

[59]yīlḳa təgmixig yīdītmayīn , ayḳa tagmixig artmayīn, ədgüsi

(92) bolzun tir, anqa bilinglər , ədgü ol.

[60]toḳuz aralī sīɣun kiyik

(93) mən , bədiz tız üzə ünüpən , məng rəyürmən, üzə təngri əxidti , ara kixi bil ti , andaɣ küqlüg—

(94) mən tir, anqa bilinglər , ədgü ol.

[61]turayaya ḳux tüxnəkigə

(95) ḳonmīx , tuymadin tozḳa īlī(n)mīx , uqa umatīn olturur tir,anqa bilinglər , yablak ol.

(96) [62]yarɣun kiyikmən , yaylīɣ ta—ɣīma aɣīpan yaylayururmən , məngilig—mən tir , anqa bilinglər , ədgü ol.

(97) [63]ḳanlīḳ süsi abḳa·ünmix , sa—ɣīr iqrə əlik kiyik kirmix , ḳan əligin tut—mix , ḳara ḳamīɣ süsi

(98) əgirər tir , anqa bilinglər , ədgü ol.

[64]kək buymul toɣan

(99) ḳuxmən , kərüklüg ḳayaḳa ḳonu—pan kəzləyürmən , yaɣaḳlīɣ toɣrak, üzə tüxüpən yaylayurmən

(100) tır , anqa bilinglər , ayı ədgü ol.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

[65]səmiz at aɣzī ķatīɣ boltī,
(101) idisi umaz tir , anqa bilinglər ,
yablaķ ol, əmti amraķ oɣlanīm anqa
bilinglər , bu īrķ bitig ədgü
(102)ol , anqīp alķu kəntü ülügi ərklig ol.
(103)bars yīl əkinti ay bix ygirmikə tay—
gün tan manīstan taķī kiqig dintar Burua
guru əxidxiqimiz
(104)Isig san'gun Itəquķ üqün bitidim.

«ئىرق بىتىگ» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنىڭ ئالدىدىكى ( ) ئىچىدىكى رەقەم قۇر سانىنى، [ ] ئىچىدىكى رەقەم چۈش تەبىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ.

## 7. «ئىرق بىتىگ» تېكىستىنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسى

[1] 1 ـ . تەنسىمەن (تەڭرى ئوغلىمەن). ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى (ياكى كېچە ـ كۈندۈز) ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ (ياخشىلىق ئالامىتى).

[2] 2 ـ ، 3 ـ . ئالا ئاتلىق يول تەڭرىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن). كېچە ۋە كۈندۈز يول يۈرەرمەن. ئوتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى. ئادەم قورققان ئىدى. « قورقما، قۇت (بەخت) بەرگەيمەن » دەپتۇدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[3] 4 ـ ، 5 ـ . ئالتۇن قاناتلىق يىرتقۇچ قارا

قۇشمەن، تېنىمنىڭ ئۇزىقىمۇ تۈگىمەسكەن. دېڭىزدا تۇرۇپ تاپقانلا نەرسىلەرنى تۇتقۇدەكمەن، ياراتقان نەرسەمنى يېگۈدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكتەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[4] 6 ـ . ئالاتاغىل لاچىن قۇشمەن، چىنتەن (سەندەل) دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلار!

[5] 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ. باتۇر بەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ. ئاق بايتىلى قولۇنلاپتۇ. ئالتۇن توياقلىق ئايغىرلىققا يارىغۇدەك؛ تۆگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ، ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىققا يارىغۇدەك؛ ئۆيىگە كېلىپتۇ، ئۇچىنچى قونچويى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە يارىغۇدەك. خۇشال ـ خۇرام بەگ ئەر (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

[6] 10 ـ. ئېيىق بىلەن توڭگۇز ئارت (داۋان) ئۈستىدە سوقۇشۇپتۇ. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ، توڭگۇزنىڭ سۆيۈ چىشى سۇنۇپتۇ. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[7] 11 ـ. ئەر ئىلدام كېلىۋېتىپ، ياخشى سۆزلەرنى قىلغۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[8] 12 ـ، 13 ـ. ئالتۇن باشلىق يىلانمەن. ئالتۇن قورسىقىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ، بەدىنىمنى يول ياقىسىغا، بېشىمنى ئۆينىڭ تېشىغا تاشلاپ قويۇپتىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[9] 14 ـ. چوڭ ئۆي (گە) ئوت كېتىپتۇ، ئۆلىمۇ، ئۆگزىسىمۇ قالماپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

[10] 15 ـ. ئەسىنگەن يولۋاسمەن، بېشىم قۇمۇش

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا كۆرۈنگۈدەك، مەن شۇنداق باتۇرمەن، ئەدەپ - ئەردەملىكمەن. شۇنى بىلىڭلار.

[11] 16 ـ. سېرىق ئاتلىق ساۋچى، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر) ئېلىپ كېلىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

[12] 17 ـ. ئادەم ئوۋغا بېرىپتۇ. تاغدا يېقىلىپتۇ. (ئۇ) تەڭرىدىنمۇ قۇدرەتلىك ئىمىش. بىلگىنكى، بۇ يامانلىق.

[13] 18 ـ. تەڭرىلىك (يەنى ئۆلۈمى يېقىنلاشقان) موماي ئۆيىدە قالغان (ئىكەن)، ياغلىق قاچىنىڭ چېتىنى يالاپ تىرىلىپتۇدەك، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىڭلار!

[14] 19 ـ. قۇزغۇننى ياغاچقا باغلاپتۇ، قاتتىق باغلاڭلار، ياخشى باغلاڭلار دەپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىڭلار!

[15] 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ. يۇقىرىدا تۇمان تۇرۇپتۇ (پەيدا بولۇپتۇ)، تۆۋەندە توزان توزۇپتۇ (كۆتۈرۈ- لۈپتۇ)، ئۇچار قاناتلار ئۇچقان ئىكەن ئېزىپ كېتىپتۇ، كېيىك ئەۋلادى (ياۋا ھايۋانلار) يۈگۈرگەن ئىكەن ئېزىپ كېتىپتۇ، كىشى ئوغلى (ئادەمزات) يۈگۈرگەن ئىكەن يولدىن ئېزىپتۇ. يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچ يىلدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان - ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ. خۇشال بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[16] 23 ـ، 24 ـ. ئېچىرقىغان ئات ئۆزى سەمىرگەن يەرنى كۆرۈپ (شۇ يەرگە) يۈگۈرۈپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ئوغرى ئۇچراپ تۇتۇۋېلىپ مىنىۋاپتۇ. (بۇ ئات)

يايلىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە يېغىر بولۇپ، يۇرەلمەي تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[17] 25 ـ ، 26 ـ . مىنىش ئېتى شەرق تەرەپتە ھېرىپ ـ ئېچىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۇستىدە ئېقىن سۇ كۆرۈنۈپتۇ، دەرەخزارلىقتا يېشىل ئوت كۆرۈنۈپتۇ، ئات شۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپتۇ، ئوت يەپتۇ. (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[18] 27 ـ ، 28 ـ . (كىمگىز) ئۆيىنىڭ ئىچى قانداق ـ ئۇ؟ تۇڭلۇكى قانداق ـ ئۇ؟ دېرىزىسى قانداق كۆرۈملۇك، ئۇ! ئۆگزىسى نېمە دېگەن ياخشى، ئارغامچىسى قانداق باغلانغاندۇ؟ دېگۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

[19] 29 ـ . ئاق ئات ئۇچ مەۋجۇداتتا ئۆز قارشىسىنى تالىلىۋېلىپ، ئەپۇ ـ ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇدەك. قورقما، ياخشى ئۆتۈن، ئايانماي ياخشى دە، يالۋۇر، دېگۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[20] 30 ـ ، 31 ـ . تېتىر (ئېسىل نەسىللىك) بۇغرامەن، ئاق كۆپۈك چاچقۇدەكمەن، (كۆپۈكلىرىم) يۇقىرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغۇتۇپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ، يۇرگىدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[21] 32 ـ . قارا ئۆپكۆك (ھۆپۈپ؟) يىل بويى (ئۆگەتىسمۇ) كارغا كەلمەس. «ئۆگەتمەك»، «كۆرمەك» (قارىماق)، «ئۇركۇتتۇك» دەر. شۇنداق بىلىڭ!

[22] 33 ـ ، 34 ـ . ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال)

كۆزگۈسىنى (ئەينىكىنى) كۆلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى يىغلىغۇدەك، كېچىسى ھۆڭرىگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، مۇڭلۇق ئۇ، بۇ ئېنىق يامانلىق.

[23] 35 ـ. ئوغلان كاككۇك پېيىنى تېپىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇكە تاقىغان كېلىنچەك قۇتلۇق بولسۇن، دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[24] 36 ـ. قارغۇ قۇلۇن ئايغىرلار ئارىسىغا كىرىپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئەمچەك ئىزلەپ ھېرىپ ـ ئېچىپ كېتىپتۇ. بىچارە قانداقمۇ قىلار. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[25] 3 ـ. ئىككى ئۆكۈزنى بىر بوقۇسىغا قېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ماڭالماي تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[26] 38 ـ، 39 ـ. تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ يەر ـ جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۈ.

[27] 40 ـ. باينىڭ قويى ئۈركۈپ كېتىپ، بۆرىگە ئۇچراپتۇ، بۆرە ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئىچىپ كېتىپتۇ. ھەممە قوي ئامان قاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[28] 41 ـ، 42 ـ. خان تەختكە ئولتۇرۇپ ئوردا ـ ساراي سېلىپتۇ، ئەل ـ يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇدەك، يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[29] 43 ـ، 44 ـ. بىر قىمارۋاز بالىسىنى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ، ئۇستا قىمارۋازنىڭكىگە (قىمار ئوينىغىلى) بېرىپتۇ. بالىسىنىمۇ، خوتۇنىنىمۇ ئۇتقۇزماستىن يەنە توقسان باش قوي ئۇتۇپتۇدەك، بالىسى

بىلەن خوتۇنى بەك خۇشال بولۇپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[30] 45 ـ. كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ. سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[31] 46 ـ، 47 ـ. يولۋاس يەم ئىزدەپ ئوۋغا چىقىپتۇ، ئوۋى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نۇرغۇن يېمەكلىك توپلاپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[32] 48 ـ، 49 ـ. بىر تىۋىلغا يۈز بولۇپتۇ، يۈز تىۋىلغا مىڭ بولۇپتۇ، مىڭ تىۋىلغا تۈمەن بولۇپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇنىڭدا پايدا بار، بۇ ئەزگۇ.

[33] 50 ـ. كىگىزنى سۇغا سېلىپ يەنە ئۇر، قاتتىق پىشۇر دېگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[34] 51 ـ. خان قوشۇنغا بېرىپتۇ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ، سۈرگۈن قىلىپتۇ، كۆچۈرۈۋېتىپتۇ، ئۆزى ۋە قوشۇنى خۇشال ـ خۇرام ئوردىسىغا (پايتەختىگە) قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[35] 52 ـ، 53 ـ، 54 ـ. ئەر (ئادەم) قوشۇنغا بېرىپتۇ، يولدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا تۇرنا قۇش ئۇچراپتۇ. تۇرنا ئۇنى قانىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئاتا ـ ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[36] 55 ـ. كۆپ ئاتقا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىقنىڭ يوق. ئېتىم ئاز قالدى دەيدىغان قورقۇنچىڭمۇ يوق، ئۇچىغا

چىققان بەخت ـ سائادىتىڭمۇ يوقتەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق يامانلىق.

[37] 56 ـ. بىر قېرى ئۆكۈزنىڭ بېلىنى قورقاق چۇمۇلىلەر يەۋاتقۇدەك، ئۆكۈز قىمىرلاشقا مادارى يەتمەي جىم تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[38] 57 ـ. (ئايال) قومۇش ئارىسىدا تۇرغۇدەك (ياشىغۇدەك)، تەڭرى ئۇنىمىغانلىقتىن (رەھىم قىلمىغانلىقتىن) مەلىكە خانىم ئۇنىڭ ئاۋۇنچىقى (تەسەللىي بەرگۈچىسى) بولسۇن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۈ.

[39] 58 ـ. ئاتنى تەتۈر كىشەنلەپ قويۇپتۇ، ئۇ مىدىرلىيالماي جىم تۇرغۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[40] 59 ـ، 60 ـ. باتۇر بالا تازا ياراملىق ئوقياسىنىڭ ئوقىنى تىك يارنىڭ دوقمۇشىغا ئۇرۇپ، يالغۇز كېتىپ بارغۇدەك. شۇنداق باتۇردەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[41] 61 ـ. تاغىل ـ ئالا ئىنەك موزايلىماقچى بولۇپ، ئۆلىدىغان بولدۇم دېگۈدەك. تاغىل ـ ئالا ئەركەك موزاي تۇغۇلغان ئىكەن قۇربانلىققا يارىغاي، دەپتۇدەك. (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[42] 62 ـ، 63ـ. ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) ئىدىشىنى، ئايىقىنى (قاچىسىنى) قويۇپ (سەپەرگە) چىقىپتۇدەك، (كېيىن) ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۇپ: ئىدىشىمنى، ئايىقىمنى قويۇپ نەگىمۇ بارارمەن، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك. ئىدىشى، ئايىقى ساق تۇرغۇدەك. ئۇ (بۇنى كۆرۇپ) خوشال بولۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[43] 64 ـ، 65 ـ. دەريا لاچىنى ئۇۋغا چىققان ئىكەن، قارشىسىدىن يېرتقۇچ قارا قۇش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇدەك. بىلىگلاركى، بۇ يامانلىق.

[44] 66 ـ، 67 ـ. لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىقى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ، لاچىن تىرنىقىنى كىرىشتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تېرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇدەك. بىلىگلاركى، بۇ يامانلىق.

[45] 68 ـ. كېيىك بالىسى مەن ئۇتسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلارمەن؟ دېگۇدەك. بىلىگلاركى، بۇ يامانلىق.

[46] 70 ـ. تۆگە پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى يەپتۇدەك. ئاندىن ئۇنى تۈلكە يەپتۇدەك. بىلىگلاركى، بۇ يامانلىق.

[47] 71 ـ، 72 ـ. ئەر ئۆمىلەپ بېرىپ تەڭرىگە دۇچ كېلىپ، بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت (بەخت ـ سائادەت) بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول، دەپتۇدەك. بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[48] 73 ـ. قارا يول (تەقدىر) تەڭرىسىمەن، سونۇقۇڭنى تۇزىتىمەن، ئۈزۈكىڭنى ئۇلايمەن، ئەلنى يارىتىمەن (بەرپا قىلىمەن). بۇنىڭ ئەزگۈلۈكى بولسۇن، بۇنى بىلگەيسىلەر!

[49] 74 ـ 75 ـ. يولۋاس ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ يىلانغا دۇچ كېلىپتۇ. ئالا يىلان تىنىك قىيا تاشقا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (يولۋاس)

ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، خۇشال ـ خۇرام يۈرگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[50] 76 ـ، 77 ـ. توغ ئاتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇگۇپ تىك قىل، هورۇن ئاتىنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇپ بېرىپ، توققۇز قات تەرلىك ياپ، ياخشىلاپ تەرلىسۇن دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[51] 78 ـ. يىرتقۇچ قارا قۇشمەن، يېشىل قىيا مېنىڭ بايلىقىم، قىزىل قىيا مېنىڭ قىشلىقىم، مەن شۇ تاغدا تۇرۇپ خۇشال بولغۇدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلار!

[52] 79 ـ، 80 ـ. ئەر پۇشۇغلۇق (غەمكىن)، ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى. شۇ ئارىدا كۈن چىقىپ، ئىچ پۇشۇغى ئارىسىدا خۇشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[53] 81 ـ، 82 ـ. بوز بۇلۇت پەيدا بولۇپ، كىشىلەر ئۈستىگە (يېغىن) ياغدى. قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ھەممە ئۈستىگە (يېغىن) ياغدى. ئاشلىق پىشتى، ئوت ئۈندى، يىلقىغا، كىشىگە ياخشى بولۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

[54] 83 ـ، 84 ـ. قۇل سۆزى بەگكە يېتىپتۇدەك، قوزغۇن سۆزى تەڭرىگە يېتىپتۇدەك. يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلاپتۇ، تۆۋەندە كىشى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۇ.

[55] 85 ـ. باتۇر ئەر ئوغلى قوشۇنغا بېرىپتۇدەك، قارارگاھتا سۆزمەنلەر ئۈنىڭغا: ئۆيۈڭگە قايتساڭ ئۆزۈڭ زور ئاتاق كۆتىرىسەن، ئېتىڭنى كىشىلەر يېتىلەپ كېلىدۇ، دەپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

[56] 86 ـ. ئۈيۈرۈم (بايتاللار توپى) ئۈچۈن قوتلۇق ئايغىرمەن، ياغاقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىقىم، قوشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىقىم، شۇ يەردە تۇرۇپ خوشال بولىمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[57] 87 ـ، 88 ـ. كۆلچەك (؟) قورۇپتۇدەك، چىلەك توڭلاپتۇدەك. كۆلچەك بەگنىڭ تۇرسا، ئۇ قانداق قورۇيدۇ؟ چىلەك كۆنگەيدە تۇرسا ئۇ نېمىشقا توڭلايدۇ؟ بىلىڭلاركى، بۇ پال بىر ئىشنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

[58] 89 ـ، 90 ـ. (بىراۋنىڭ) ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆپكىلەپ كېتىپ قاپتۇدەك، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ (ئويلىنىپ) ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاي، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[59] 91 ـ. يىلىغا توشقاننى (چوڭلارنى) يۇدەتمەي (جۇۋۇتماي)، ئېيىغا توشقاننى (ياشلارنى) ئازابلىماي، ھەممىسى ياخشى بولسۇن دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[60] 92 ـ، 93 ـ. توققۇز ئارىلىق بۇغا كېيىكمەن، چىرايلىق تىزلىنىپ مىڭرىغىدەكمەن (ۋارقىرىغۇدەكمەن)، يۇقىرىدا تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[61] 94 ـ، 95 ـ. تورغاي قۇش ھەمراھلىرى بىلەنغا قونىمەن دەپ، سەزمەستىن قىلتاققا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇچالماي تۇرغۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[62] 96 ـ. يارغۇن (ياۋا) كىيىكمەن، يازلىقى تاغقا چىقىپ يايلايمەن، خوشالمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ

ئەزگۈ.

[63] 97 ـ. خان قوشۇنى بىلەن ئۇۋغا چىقىپتۇ، دائىرە ئىچىگە كېيىكلەر كىرىپتۇ، خان كېيىكلەرنى تۇتۇپتۇ، قارا (خەلق) ۋە قوشۇننىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپتۇ. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

[64] 98 ـ، 99 ـ. كۆك بوز لاچىنمەن، كۆركەم قىيادا ئولتۇرۇپ (ئەتراپنى) كۆزىتىمەن، ياڭاقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ يايلايمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

[65] 100 ـ. سېمىز ئاتنىڭ ئاغزى قاتتىق بولۇپتۇ، ئىگىسى (ئۇنى) ئاچالماپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

[66] 101 ـ، 102 ـ. ئەمدى، ئامراق ئوغلانىم، بىلىڭلاركى، بۇ ئىرق بىتىگ (چۈش تەدبىرى) ياخشى (كىتاب)، ھەر بىر نەرسىنىڭ تەقدىرى (ئۈلۈشى) ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ۋە ھەر خىل بولىدۇ.

[67] 103 ـ. يولۋاس يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تايگۈنتان بۇتخانىسىدىكى راھىبلارنىڭ (ئىلتىماسى بىلەن؟) ئاڭلىغۇچىمىز ئېسىك سانغۇن ۋە ئىتەچۈق ئۈچۈن پۈتۈدۇم.

## 8. «ئىرق بىتىگ» تېكىستىنىڭ قىسقىچە سۆزلۈكى ۋە تېكىستتىكى مۇھىم گىراماتىكىلىق نۇقتىلارغا ئىزاھ سۆزلۈك

«سۆزلۈك» كە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يوق

ياكى ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىغان تاۋۇش ۋە مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان سۆزلەر بېرىلدى. بەزى سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتى «~» بەلگىسى بىلەن تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ قويۇلدى. سۆزلەرنىڭ كەينىدىكى رەقەملەر، شۇ سۆز ئۇچرايدىغان قۇرنى كۆرسىتىدۇ.

## A

| | | |
|---|---|---|
| abinqu katun | 57 | مەلىكە |
| ab | 17 | شىكار، ئوۋ |
| atan— | 85 | ئاتىقى چىقماق، شۆھرەت قازانماق |
| adɣïr | 7 | ئايغىر |
| aduɣ | 10 | ئېيىق |
| aralï | 92 | ئارىلىق |
| art | 10 | داۋان، دۆڭ |
| artat | 91 | ئازاب |
| asra | 20 | تۆۋەن، ئاستى |
| asï | 45 | پايدا، مەنپەئەت |
| ax—(~əx—) | 2 | ماڭماق، يول ماڭماق |
| aɣan θtüg | 29 | ئەپۇ. ئۆتۈنۈش |
| αɣïl | 70 | ئېغىل |
| anyïɣ | 9 | ناھايىتى ئېنىق |

## ə

| | | |
|---|---|---|
| əb | 8 | ئۆي |
| ədgü | 1 | ياخشى، ئوبدان |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ərdəm | 15 | ئەدەب، ئەخلاق |
| əsən tükəl | 41 | ئامان- ئېسەن |
| əsri | 6 | ئالا- تاغىل |
| əsin, gən | 15 | غالجىر |
| əxidqi | 104 | ئىشتكۈچى، ئاڭلىغۇچى |
| əki | 2 | ئىككى |
| əgin | 28 | ئۆگزە، تۆپە |
| əng məng | 47 | يەم- خەشەك |
| əngilə— | 74 | شادلانماق، خۇشال بولماق |
| əlt— | 12 | ئېلىپ كەلمەك، ئەكەلمەك |
| əmig(～əmik) | 36 | ئەمچەك |
| əmgək | 89 | جاپا - مۇشەققەت، ئازاب، ئوقۇبەت |
| əmsi— | 40 | ئەممەك، ئەمگىسى كەلمەك |
| əlig | 97 | قول |

B

| | | |
|---|---|---|
| bars | 46 | يولۋاس |
| baɣ īx | 28 | ئارغامچا |
| bi | 7 | بايتال |
| boluɣ | 29 | مەۋجۇدات |
| bosuxluɣ | 79 | غەمكىن |
| box koy | 44 | يايلاقتىكى قوي، باغلاقسىز قوي |
| bulung | 18 | چەت، قىر، بۇلۇڭ |
| busanq(～bosanq) | 80 | غەم، غەمكىن |
| buymul | 98 | بوز |

| | | |
|---|---|---|
| bək | 14 | ئۆگزە |

## I

| | | |
|---|---|---|
| ilig it— | 73 | ئەلنى ياراتماق، دۆلەت قۇرماق |
| īqoɣ īn— | 43 | تاشلىماق، چۈشۈرۈپ قويماق |

## K

| | | |
|---|---|---|
| kəkük | 35 | كاككۇك |
| kisi | 43 | ئايالى، خوتۇنى |
| kəngrə— | 34 | ھۆكۈرىمەك |
| kərəkü | 27 | (كىگىز) ئۆي |
| kθl— | 38 | قوشماق |
| kθngəki | 88 | چىلەك |
| kθzlə— | 99 | كۆزەتمەك |
| kθzünək | 29 | دېرىزە |
| kidizig | 50 | كىگىز |
| küzün, gü | 33 | ئەينەك |
| künəx | 88 | كۈنگەي |

## Ķ

| | | |
|---|---|---|
| ķalı— | 67 | ئۇچماق، ئۆرلىمەك |
| ķamxa— | 24 | مىدىرلىماق، ماڭماق |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ķamīl— | 17 | يېقىلماق |
| ķamīx | 18 | قاچا، قوشۇق |
| ķammīx | 17 | ھەممىگە قادىر، ئاللا |
| ķanɣī | 87 | كۆلچەك ( ؟ ) |
| ķara kamī | 97 | ئاددىي پۇقرا، قارا خەلق |
| ķat | 14 | ئۇل |
| ķaya | 59 | قىيا، يار |
| ķobī | 55 | بوش، قۇرۇق، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان |
| Ķomursɣa | 56 | قورقاق چۇمۇلە |
| ķop | 21 | ھەممە، بارلىق |
| ķoɣu kux | 53 | تۇرنا قۇش |
| ķunquy | 9 | مەلىكە، قۇنچۇي |
| ķuruɣ sak | 13 | قورساق |
| ķuxla— | 65 | ئوۋلىماق ( قۇشلارنى ) |
| ķang | 53 | ئاتا |

## M

| | | |
|---|---|---|
| maɣa | 24 | يىلان |
| manīstan | 103 | بۇتخانا |
| məngilə— | 1 | كۆڭۈل ئاچماق |
| məngilig | 9 | خۇشال- خۇرام |
| mungluɣ | 3 | مۇڭلۇق، مۇشكۇللۇك |
| müngrə— | 93 | مىڭرىماق، ۋارقىرىماق |

## O

| | | |
|---|---|---|
| oz— | 6 | قوتولماق |
| ong— | 25 | هارماق |
| oyma ər | 43 | قىمارۋاز، ئويۇنپەز ئەر |
| oyu ɑɿ | 43 | قىمارۋاز، ئويۇنپەز |

## ɵ

| | | |
|---|---|---|
| ɵbkilə— | 90 | ئۆپكىلىمەك، ئاچچىقلىماق |
| ɵd— | 33 | نەسىھەت قىلماق، ئۆگەتمەك |
| ɵg | 53 | ئاپا، ئانا |
| ɵgin | 1 | تەخت |
| ɵgir— | 22 | خوشاللانماق |
| ɵg(ü)r— | 86 | بايتاللار توپى |
| ɵgüx— | 67 | كىرىشتۈرمەك |
| ɵmələ— | 71 | ئۆمىلىمەك |
| ɵngüx— | 68 | قايتىدىن چىقماق |
| ɵpkük | 32 | هۆپۈپ (؟) |
| ɵrtən— | 14 | ئۆت كەتمەك، ئۆرتەلمەك |
| ɵrüng əsri | 6 | ئالا- تاغىل |
| ɵt(~ɵd) | 90 | نەسىھەت |
| ɵzlük at | 25 | مىنىدىغان ئات |
| ɵlüg | 101 | تەغدىر، ئۆلۈش |

www.uyghurkitap.com

## Q

| | | |
|---|---|---|
| qok ting | 35 | ئۇكە تاقىغان كېلىنچەك |
| qintan | 6 | چىندان (سەندەل) دەرىخى |
| qiƣay | 45 | كەمبەغەل، يوقسۇل |

## S

| | | |
|---|---|---|
| sab | 11 | گەپ، سۆز، خەۋەر |
| sabqī | 16 | خەۋەرچى |
| sanqī— | 51 | سانجىماق، يەڭمەك |
| saƣīr | 97 | دائىرە |
| saķīn— | 63 | ئويلىماق |
| səbdük | 5 | ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر |
| səp— | 73 | تۈزىمەك، ئۇلىماق |
| soķux— | 33 | يولۇقماق، ئۇچرىماق |
| suqulun— | 67 | ئېچىلماق |
| suuķ— | 50 | سۇغا سالماق، سۇ چاچماق |
| sinuķ | 73 | سۇنۇق |
| sīƣun kiyik | 62 | بۇغا- كىيىك |

## T

| | | |
|---|---|---|
| tabīlķu | 48 | تېۋىلغا |
| talīm | 4 | ① يىرتقۇچ؛ ② باتۇر |
| tan | 4 | ۋۇجۇد، تەن |

| | | |
|---|---|---|
| tapla— | 4 | كۆڭۈل تارتماق، تاللىماق، خالىماق |
| taluy | 4 | دېڭىز |
| təbə | 70 | تۆگە |
| təglük ķulun | 36 | قارغۇ قۇلۇن |
| təgmix | 91 | يېشىغا يەتكەنلەر، ياشلار |
| təngrilik kurtƣa | 18 | ئۆلۈمى يېقىنلاشقان موماي |
| tərt— | 77 | تەرلەتمەك |
| tərklə— | 11 | ئىلدام ماڭماق، تېز ماڭماق |
| tərtrü | 58 | تەتۈر |
| təzk | 35 | پەي |
| tənsi | 1 | تەڭرى ئوغلى |
| tigrət— | 77 | تىك قىلماق |
| tīrīngķī | 67 | تىرناق |
| titir | 88 | تېتىر، ئېسىل نەسىللىك |
| tong— | 88 | توڭلىماق |
| top— | 77 | يايىماق |
| toz | 20 | چاڭ- توزان |
| toƣan | 6 | لاچىن |
| toƣan əgüz ķuxī | 65 | دېڭىز لاچىنى |
| toķuz on | 44 | توقسان |
| turayaya ķux | 94 | تورغاي قۇش (؟) |
| turuķ | 23 | ئورۇق |
| tutuƣur— | 43 | دو قويماق، تىكمەك (قىماردا) |
| tuyuƣ | 7 | تۇياق |
| tü | 4 | ئوزۇقلۇق |
| tügünük | 27 | تۈڭلۈك |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| türüt— | 85 | ئىلهاملاندۇرماق، تۈرتكە بولماق |
| tüxnək | 94 | ھەمراھ |
| tītīn— | 67 | يېپىنماق |
| tīγ at | 76 | تۇغ ئات |

## U

| | | |
|---|---|---|
| uqrukluγ | 55 | ئۇچىغا چىققان، چېكىگە يەتكەن |
| urīlan— | 9 | ئوغۇل تۇغماق |
| usīq | 43 | ئۇستا |
| uyur | 42 | ئىتتىپاقداش |
| uyīn | 69 | كېيىن، ئەمدى (؟) |

## ü

| | | |
|---|---|---|
| ülüg | 101 | تەقدىر، ئۆلۈش |
| üqürgü | 77 | تەرلىك |
| üqünq | 21 | ئۈچىنچى |

## Y

| | | |
|---|---|---|
| yablak | 13 | ئەسكى، يامان |
| yadīr at | 77 | ھورۇن ئات، قاشاڭ ئات (؟) |
| yalīm | 59 | تىك |
| yanglīγ | 18 | ياغلىق |

| | | |
|---|---|---|
| yangra— | 34 | يىغلىماق |
| yarɣun kiyik | 96 | يارغۇن (ياۋا) كېيىك |
| yarīn | 1 | ئەتە، ئەتىگەن، كۈندۈز |
| yarīnqa | 59 | ياراملىق |
| yasīq | 59 | ئوق-يا |
| yax | 62 | ئوت- چۆپ، ئوتياش |
| yaɣak īɣaq | 86 | ياڭاق دەرىخى |
| yaɣrī— | 24 | يېغىر بولماق |
| yol təngri | 2 | يول تەڭرى (تەقدىر ئىلاھى) |
| yont | 7 | ئات |
| yurt | 2 | (1) ئۆي؛ (2) خارابە، ئىز |
| yīdīt— | 91 | ئاۋارە قىلماق؛ جۇۋۇتماق |
| yīx | 25 | ئورمانلىق، دەرەخلىك |

## خاس ئىسىملار

| | | |
|---|---|---|
| Buura | 103 | بۇئۇرا (ئادەم ئىسمى؟) |
| Isig sangun | 104 | ئېسىگ ساڭغۇن (ئادەم ئىسمى) |
| Itə Quk | 104 | ئىتەچۇق (ئادەم ئىسمى) |
| Taygüntan | 301 | تايگۈنتان (بۇتخانا ئىسمى) |

## «ئىرق بىتىگ» تېكىستىدىكى گراماتىكىلىق نۇقتىلارغا ئىزاھ

1. «ئىرق بىتىگ» 1. üzə تىركەلمە. بۇ ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە تىركىلىپ كېلىپ، تۈرلۈك گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەر

www.uyghurkitap.com

تەركىبىدىكى üzə نىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ:

altun ərgin üzə olturupan məngiləyürmən.

ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن.

üzə təngri əxidti.

يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلاپتۇ.

bodun üzə yaɣdī.

كىشىلەر ئۈستىگە (يېغىن) ياغدى.

silar üq türlüg sakīnq üzə kirtinglər.

سىلەر ئۈچ تۈرلۈك ئوي بىلەن كىردىڭلار.

aqmak suwsumak üzə sikilip ...

ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قىيىلىنىپ ...

2. «ئىرق بىتىگ» 1. ۋە 6. —upan, —ipən), (—üpan, —ibən, —īban, —pan, —pən, —īpan, هال پېئىل قوشۇمچىسى، olturupan (ئولتۇرۇپ)، oltur (ئولتۇر-) دېگەن پېئىلغا —upən نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. «ئىرق بىتىگ» دە مۇشۇ يول بىلەن ياسالغان سۆزلەر خېلى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ. ... tirilipən, talulapan, barīpan, kərupən

3. «ئىرق بىتىگ» 35. —zun : پېئىلنىڭ بۇيرۇق تەلەپ رايى III شەخس قوشۇمچىسى. kutluɣ bolzun (قۇتلۇق بولسۇن): bol— (بولماق، بول-) پېئىلغا zun قوشۇلۇپ ياسالغان.

4. «ئىرق بىتىگ» 1. —gü (—ku, — u, —kü): پېئىلدىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە. «ئىرق بىتىگ» 1 ـ دىكى ədgü، əd— (ياخشىلىماق، ئەي بولماق) دېگەن پېئىلغا —gü نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. ھازىرقى

تىلىمىزدىكى ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ ...
دېگەن سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ.
5. «ئىرق بىتىگ» 2. ür — (ur —) : پېئىلنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى. əxür — : əx — (ئاشماق،
ماڭماق) دېگەن پېئىلغا ür — نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن.
6. «ئىرق بىتىگ» 4. duk — (dük —, tuk —, tük —)
سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، ئومۇمەن پۈتكەن ھەرىكەتنى
بىلدۈرىدۇ. tapladukīmīn : بۇ سۆز tapla — (كۆڭۈل
تارتماق، تاللىماق، خالىماق) دېگەن پېئىلغا duk —
قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. īm — بىرىنچى
شەخس بىرلىك تەۋەلىك قوشۇمچىسى، īn — چۈشۈم كېلىش
قوشۇمچىسى.
7. «ئىرق بىتىگ» 7. luq — (luk —, lüg —, lük —
lī —, līk —, lik —, lig —) ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى
ئۈنۈملۈك قوشۇمچە. tuyuq luq. (تۇياقلىق) : tuyuq
(پۇت، تۇياق) دېگەن ئىسىمغا luq نىڭ قوشۇلۇشىدىن
كەلگەن.
8. «ئىرق بىتىگ» 8. gərü — (garu —, karu —
aru, — kərü —) ئىسىمنىڭ يۆنىلىش كېلىش
قوشۇمچىسى. təbə singərü (تۆگىسىگە (تۆگىلىرىگە) : təbə
(تۆگە) دېگەن ئىسىمغا Ⅲ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى si —
قوشۇلۇپ، يەنە gərü — نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. بۇ
يەردىكى n بىر خىل فونېتىكىلىق ھادىسىدىن ئىبارەت.
«ئىرق بىتىگ» دە بۇ خىل ھادىسە خېلى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ.
bəgingərü. 83 ordusingaru . 51 uyasingaru. 47
85 əbingərü. ... لارنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

www.uyghurkitap.com

9. « ئرق بتىگ » 14. ga—(ka, —ɣa, —kə—
kat: katinga . قوشۇمچىسى كېلىش يۆنىلىش ( — gə,
قوشۇمچىسىنىڭ —ga ئىسمغا دېگەن ( ئاساس، ئۇل)
Ⅲ شەخس تەۋەلىك بولسا ī، بولۇپ كەلگەن قوشۇلۇشىدىن
قوشۇمچىسى. n— تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى بىر خىل
فونېتىكىلىق ھادىسىدىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى سۆزلەر
« ئرق بتىگ» دە كۆپ ئۇچرايدۇ.
14. bɵkingə . 24 yilingə… لەرنى تەھلىل قىلىپ
بېقىڭ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەۋەلىك Ⅲ شەخس بىلەن
تۈرلەنگەن ئىسملار ( ئالماشلار ) يەنە كېلىش قوشۇمچىسى
بىلەن ( ئىگىلىك كېلىش، چۇشۇم كېلىشتىن باشقا )
تۈرلەنگەندە، Ⅲ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش
قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا « n » تاۋۇشى پەيدا بولۇپ قالىدىغان
ئەھۋال بار ئىدى. « ئرق بتىگ » دىكى 8. təbəsingərü
14. katinga . 14. bɵkingə . 24 yilingə دېگەن سۆز
شەكىللىرىنىڭ تەركىبىدىكى « n » تاۋۇشى مۇشۇ ۋەجىدىن
قوشۇلۇپ قالغان. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر خىل
ئالاھىدە فونېتىكىلىق ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

10. « ئرق بتىگ » 36. əmig دېگەن سۆزنى تومسىن
ئەپەندى « əm » ( دورا ) دېگەن ئىسمغا چۇشۇم كېلىش
قوشۇمچىسى ig— قوشۇلۇپ تۈزۈلگەن دەپ ئىزاھلايدۇ.
ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئۇنى əmig ( ئەمچەك ) دېگەن بىر
پۈتۈن تۈپ سۆز دەپ ئىزاھلايدۇ. كونتېكىستتىن
قارىغاندىمۇ، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچىمۇ ئۇ « ئەمچەك »
دېگەن مەنىگە ئىگە تۈپ سۆزدۇر.

11. «ئىرق بىتىگ» 91. uƣ— (üg—, īƣ—, īk—, ik—
ig—, ƣ—, g—) ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىنىڭ بىر
خىلى. «ئىرق بىتىگ» 19 - قۇرىدىكى unu kuz
(قۇزغۇننى) دېگەن سۆز، kuzƣun (قۇزغۇن) دېگەن
ئىسىمغا u— نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. «ئىرق بىتىگ»
دە يەنە تۆۋەندىكى سۆزلەر ئۇچرايدۇ. 16. yazīƣ, 49. kidizig
51. yayīƣ, 58. atīƣ… تىل تەرەققىياتى جەريانىدا چۈشۈم
كېلىشنىڭ بۇ بىر يۈرۈش قوشۇمچىلىرى ئىستېمالدىن
چۈشۈپ قالغان.

12. «ئىرق بىتىگ» 18. n— (īn—, in—) ئىسىمنىڭ
چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، بۇ
بىر يۈرۈش قوشۇمچە ئاساسەن تەۋەلىك بىلەن تۈرلەنگەن
ئىسىم ئۆزەكلىرىگە قوشۇلىدۇ. «ئىرق بىتىگ» 18. دىكى
bulungīn (قىرغىقىنى، چېتىنى)، bulung (قىرغاق،
چەت) دېگەن سۆزگە ī - تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئاندىن
كېيىن n— قوشۇلۇپ ياسالغان. ئۇندىن باشقا تېكىستتىكى
12. kuruƣ sakīmīn, 73. sinukīngīn, 73. üzükingin
4. tapladukīmīn قاتارلىق سۆزلەرمۇ يۇقىرىقى ئاساستا
تۈرلەنگەن، تەھلىل قىلىپ بېقىڭ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدا، بۇ قوشۇمچىلار شېئىر، ماقال - تەمسىللەردىلا
كۆرۈلىدۇ.

13. «ئىرق بىتىگ» 10. adīƣlī tonguzlī (ئېيىق
بىلەن توڭگۇز): بۇ يەردىكى lī باغلىغۇچى بولۇپ، ھازىرقى
تىلىمىزدىكى «بىلەن» گە تەڭ.

14. «ئىرق بىتىگ» 11. yü— (yu—, ya—, yə—,
ə—, a—, u—, ü—, ī—, i—)؛ yī—, yi— ھال پېئىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسى. ئالدىنقى بىر يۇرۇشى ئۇچۇق ئۈزەكلەرگە، كېيىنكى بىر يۇرۇشى يېپىق ئۈزەكلەرگە قوشۇلىدۇ. «ئىرق بىتىگ» tərkləyü. 11 (تېز مېڭىپ، ئىلدام مېڭىپ): tərklə— (ئىلدام ماڭماق، تېز ماڭماق) دېگەن پېئىلغا yü— نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «ئىرق بىتىگ» əmüləyü. 71 (ئۆمىلەپ) مۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا تۈرلەنگەن. يەنە kamxayu. 23 ۋە yügürü. 24 لەرمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

15. «ئىرق بىتىگ» yür. 42 — (— yur) پۈتمىگەن هازىرقى زامان قوشۇمچىسى. mengiləyür (خۇشال بولماق): mengilə— (كۆڭۈل ئاچماق، خۇشال بولماق) دېگەن سۆزگە yür— نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 34. yangrayur, 36. tiləyür, bədizləyür قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ. تەھلىل قىلىپ بېقىڭ.

16. «ئىرق بىتىگ» 18. un— (—n, —in, —īn, —ün) ئىسىمدىن ياسىغۇچى قوشۇمچە. bodun (خەلق) دېگەن سۆز bod (ئادەم، بوي) دېگەن ئىسىمغا un— قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن.

17. «ئىرق بىتىگ» mix— (mīx—): سۈپەتداش قوشۇمچىسى. sokuxmīx— بۇ سۆز. sokux ئۇچراشماق دېگەن پېئىلغا mīx — نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. بۇ قوشۇمچە ئومۇمەن پۈتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

18. «ئىرق بىتىگ» 79. ol قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز بىر قانچە مەنىدە قوللىنىدۇ:

(1) كۆرسىتىش ئالماش بولۇپ كېلىدۇ. «ئۇ، شۇ، ئاشۇ» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

ol taʠda turupan məngiləyürmən.

مەن شۇ (ئۇ) تاغدا تۇرۇپ خۇشال بولغۇدەكمەن.

(2) ئىسىم (ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر) خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە، خەۋەردىن كېيىن كېلىپ هۆكۈم، كېسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: «ئىرق بىتىگ» دە ھەر بىر چۈش تەبىرىدىن كېيىن كەلگەن، ədgü ol ۋە yablak ol دىگەن سۆزلەردىكى ol مانا مۇشۇ رولدا كەلگەن.

(3) كىشلىك ئالماش بولۇپ كېلىپ، «ئۇ» دېگەن مەننى بېرىدۇ.

مەسىلەن:

ol bu yərig kīxla lantī.

ئۇ بۇ يەردە قىشلىدى.

ol bar uluk ərdi.

ئۇنىڭ بىرشى كېرەك ئىدى.

19. «ئىرق بىتىگ» 88. nəlük بۇ سۆز «نېمىشقا، قانداق قىلىپ، نېمە ئۈچۈن» دېگەندەك مەنە بېرىدۇ. مەنە جەھەتتىن nəgülüg, nəqük, nəgü لەر بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

kanʠī nəlük əlgəy bəglig ol, kənəki nəlük tong—ay ol.

كۆلچەك بەگنىڭ تۇرسا، نېمىشقا قۇرۇيدۇ؟ چىلەك كۆنگەيدە تۇرسا ئۇ نېمە ئۈچۈن توڭلايدۇ؟!

20. «ئىرق بىتىگ» q— : 80. پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە. بۇ قوشۇمچە كۆپرەك ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىل ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ كەيپىياتى، روھىي ھالىتى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك

ئابستراكىت ئىسىملارنى ياسايدۇ. « ئىرق بىتىــــگ » 80 .busanq (ئىچى پۇشماق) busan— : (ئىچ پۇشۇقى) دېگەن پېئىلغا q— نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. تۆۋەندىكى سۆزلەرمۇ مۇشۇ ئاساستا ياسالغان:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەنسىز | ianiq | سۆيۈملۈك | səwinq |
| ئارزۇ | küsənq | ئوي، خىيال | sakīnq |
| | | قىلىق، ھەرىكەت | kilinq |

21. « ئىرق بىتىگ » 21 . üqünq (ئۈچىنچى). قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدىن قىسمەن پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەرتىپ سانلار ساناق سانلارغا ,—ünq ,—unq ,—nq ,—inq لەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا —inqi ,—nqi لارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| بىرىنچى | birinq |
| ئۈچىنچى | üqünq |
| بەشىنچى | bisinq |
| ئونىنچى | onunq |

22. «ئرق بىتىگ» 103 .bars yil əkintī ay bis
yigirmi (يولۋاس يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى). قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدا بىردىن ئونغىچە بولغان ساناق سانلارنىڭ
ئاتىلىشى ھازىرقى تىلىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان سانلار بىلەن
ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.
ئەمما ئونلار bir ، iki ، bix ، ... səkiz(~bəx) :مەسىلەن
خانىسىدىكى سانلارنىڭ ئاتىلىشى بىر قەدەر ئالاھىدە بولۇپ،
ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئاتىلىدۇ:

1) ئالدى بىلەن ئونلار خانىسىدىكى سان ئاتىلىپ، ئاندىن «ئارتۇقى» دېگەن سۆز ئاتىلىدۇ. ئاخىرىدا بىرلەر خانىسىدىكى سان ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| yigirmi artuki səkiz | يىگىرمە سەككىز |
| ķirik artuki üq | قىرىق ئۈچ |

2) ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسىدىكى سان ئېيتىلىپ، ئاندىن بىرلەر خانىسىدىكى شۇ سان تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان ئونلار خانىسىدىكى سان ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bix yigirmi | ئون بەش |
| altə kirk | ئوتتۇز ئالتە |

23. «ئرق بىتىگ» 12، 103: .bars yil مۆچەللىك يىل نامىنىڭ ئۈچىنچىسى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار يىل ھېسابىدا 12 مۆچەللىك يىل نامىنى قوللانغاندى. 12 مۆچەللىك يىل نامى تۆۋەندىكىچە:

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 1. sīqɣan , küsük | چاشقان |
| 2. ud | كالا |
| 3. bars | يولۋاس |
| 4. tabīskan ( ~tawīxkan ) | توشقان |
| 5. lo o ( ~luu ) , lung | ئەجدىھا |
| 6. yīlan | يىلان |
| 7. yont | ئات |
| 8. ķoyn | قوي |
| 9. biqin | مايمۇن |
| 10. taķīɣu | توخۇ |
| 11. it | ئىت |
| 12. laɣzīn , tonguz | توڭگۇز |

ئىزاھ: گراماتىكىلىق نۇقتىلارغا ئىزاھتا بېرىلگەن « ئىرق بىتىگ » دېگەن سۆزنىڭ كەيىندىكى رەقەملەر تېكىستتە ئەڭ دەسلەپتە كۆرۈلگەن قوشۇمچىنىڭ قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ، تىرناق ئىچىدىكىسى شۇ قوشۇمچىنىڭ ۋارىيانتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 9. ترانسكرىپسىيە ۋە يەشمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمىز

بىز « ئىرق بىتىگ » نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە

يەشمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا مەشھۇر تۈركولوگ ئالىم تالات تېكىن (Talat Tekin) نىڭ 1993 ـ يىلى ۋېيسبادېندا نەشر قىلغان « ئىرق بىتىگ تەبىرنامىسى » ( Irk Bitig《 The Book of omens《 ) ناملىق كىتابىدىكى تۈرك ـ رۇنىكچە مەتىنىنى ئاساس قىلىپ، يەنە ئۇنىڭدىكى ترانسكرىپسىيە بىلەن گېك شىمىن ئەپەندى (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى» ئوقۇشلۇقىغا كىرگۈزۈلگەن ترانسكرىپسىيە) ترانسكرىپسىيىسىنى ۋە 1993 ـ يىلى جاڭ تيېشەن (张铁山)، جاۋ يۇڭخۇڭ (赵永红) لار ئىشلىگەن ترانسكرىپسىيىنى ئۆزئارا تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. بۇگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى ئىشلەشتە، بىز 1980 ـ يىلى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ تۇنجى سانىدا ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئىشلىگەن « ئىرق بىتىگ » نىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسىگە مۇراجىئەت قىلدۇق.

ئەمما، بىز مەزكۇر تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا، بۇرۇن ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيە ۋە يەشمىلەردە مەلۇم نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئاشۇ نۇقسانلارنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ۋە ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ترانسكرىپسىيىدىكى مەسىلىلەر

1) تالات تېكىننىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىكى مەسىلىلەر

(1) تېكىستنىڭ 8 ـ قۇرىدىكى (پۇتلۇق، ئاياغلىق) دېگەن سۆز budlalï دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆز تەركىبىدىكى 《la》 بوغۇمى ئارتۇق قوشۇلۇپ قالغان، u تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا ï ئېلىنغان. بۇ سۆز ئەسلىدە budluq دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

(2) 18 ـ قۇردىكى (چېتىنى، قىرغىقىنى) دېگەن سۆز bulupan دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بۇ ئەسلى bulungïn دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى كېرەك.

(3) 9 ـ قۇردىكى ər دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان.

(4) 32 ـ ۋە 73 ـ قۇرلاردىكى kara سۆزى ئىككىلا جايدا karï دەپ خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

(5) 32 ـ قۇردىكى tədi دېگەن سۆز ətdi دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

(6) 35 ـ قۇردىكى qok ting (ئوكە تاقىغان كېلىنچەك) دېگەن سۆز qəkik əting دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، 1 ـ بوغۇمدىكى o تاۋۇشى ə قىلىپ قويۇلغان ۋە ik بوغۇمى، ə تاۋۇشلىرى ئارتۇق قوشۇلۇپ قالغان.

(7) 43 ـ قۇردىكى oyuq alp (ئۇستا قىمارۋاز) دېگەن سۆز oyq alï قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، 2 ـ بوغۇمدىكى u تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، ï تاۋۇشى ئارتۇق قوشۇلغان، p تاۋۇشى بېرىلمىگەن.

(8) 45 ـ قۇردىكى qïqay (كەمبەغەل، يوقسۇل) دېگەن سۆز qïqany قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، a تاۋۇشى بىلەن y تاۋۇشى ئارىلىقىدىكى n تاۋۇشى ئارتۇق قوشۇلۇپ قالغان.

(9) 58 ـ قۇردا atï (ئاتىنى) دېگەن سۆز tïqïq دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، ï ـ بوغۇمدىكى a تاۋۇشى بېرىلمىگەن، ïq بوغۇمىدىن بىرسى ئارتۇق قوشۇلۇپ

قالغان.

(10) 59 ـ قۇردا yarīnqa (يارامىلىق) دېگەن سۆز yarīnaqa دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، n تاۋۇشى بىلەن q تاۋۇشىنىڭ ئارىلىقىدىكى a تاۋۇشى ئارتۇقچە قوشۇلۇپ قالغان.

(11) 88 ـ قۇردا ol دېگەن سۆز چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

(12) 92 ـ قۇردا aralī (ئارىلىق) دېگەن سۆز arlī دەپ بېرىلىپ، r تاۋۇشى بىلەن l تاۋۇشى ئارىلىقىدا a تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

(13) 93 ـ قۇردا bədiz (چىرايلىق) دېگەن سۆز bədük دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، مەنە جەھەتتىن «مەڭگۈ، ئەبەدى» دېگەن مەنەگە ئۆزگىرىپ قالغان.

(14) 94 ـ قۇردا turayaya (تورغاي) دېگەن سۆز turnya دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. a تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا n يېزىلىپ قالغان، ya بوغۇمىدىن بىرسى چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

2) گېك شىمىن ئەپەندىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىكى مەسىلىلەر

(1) 1 ـ قۇردا ərgin (تەخت) دېگەن سۆز əgin دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، ə تاۋۇشى بىلەن g تاۋۇشى ئارىلىقىدا r تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

(2) 8 ـ قۇردا budluq (پۈتلۈق، ئاياغلىق) دېگەن سۆز buduq دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، d تاۋۇشى بىلەن u تاۋۇشى ئارىلىقىدىكى l تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

(3) 16 ـ قۇردا ayīq (ئېنىق، نېمىدېگەن،

www.uyghurkitap.com

نەقەدەر) دېگەن سۆز (تالات تېكىن، جاڭ تيېشەن قاتارلىقلارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىرىدە anyīoq دەپ ئېلىنغان) yig (ياخشى) دېگەن سۆز بىلەن ئېلىنغان.

(4) 17 ـ قۇردا ḳamīlmīx (يىقىلماق، يىقىلىپ چۈشمەك) دېگەن سۆز، ḳammīx (ھەممىگە قادىر، ئاللا) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

(5) 34 ـ قۇردا anyīoq (ئېنىق، نېمە دېگەن، نەقەدەر) دېگەن سۆز چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

(6) 18 ـ قۇردا ol سۆزى əl دەپ بېرىلگەن.

3) جاڭ تيېشەن، جاۋ يۇڭخۇڭ ئەپەندىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىكى مەسىلىلەر

(1) «ئىرق بىتىگ» نىڭ تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى مەتنىنىڭ 9-، 16-، 28-، 34-، 55-، 86-، ۋە 100- قۇرلىرىدا  دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى  ھەرپ بەلگىسى ny ياكى n غا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزنى ترانسكرىپسىيە قىلغاندا، بەزىدە ayīoq بەزىدە anyīoq قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. جاڭ تيېشەن، جاۋ يۇڭخۇڭلار بۇ سۆزنى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل تۈردە anyīoq قىلىپ ئالغان، نەتىجىدە n تاۋۇشى بىلەن ī تاۋۇشى ئارىلىقىدا بىر y تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان، بەلكىم بۇلار ny بويىچە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ تەھلىل قىلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىزچە بۇ سۆزنى ayīoq دەپ ئېلىش توغرا، anyīoq بولمىسا كېرەك دەپ قارايمىز. چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتىدە ayīoq نى «① ئېنىق؛ ② نەقەدەر، نېمىدېگەن، نەقاتارلىق» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان ياردەمچى سۆز: ayīoq- ədgü نېمە دېگەن

ياخشى دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما لۇغەتتە anyīƣ دېگەن سۆز كۆرۈلمەيدۇ. بىز «ئىرق بىتىگ» نىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل تۇردە ayīƣ دەپ ئالدۇق.

(2) 17 ـ قۇردا ķamīlmīx (يىقىلماق، يىقىلىپ چۈشمەك) دېگەن سۆز، ķamlamīx دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، m تاۋۇشى بىلەن l تاۋۇشىنىڭ ئارىلىقىدىكى ī چۈشۈرۈپ قويۇلغان، ī تاۋۇشى بىلەن m تاۋۇشىنىڭ ئارىلىقىدا a ئارتۇقچە قوشۇلغان.

(3) 21 ـ قۇردا yügürü (يۈگۈرگەن) دېگەن سۆز yəgürü قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، 1 ـ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ü ، ə قىلىپ قويۇلغان.

(4) 33 ـ قۇردا tədī سۆزى tīdī قىلىپ ترانسكرىپسى-يە قىلىنغان. ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، يۇقىرىقى ترانسكرىپسىيىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى مەتبۇئات (باسما، كوررېكتور) خاتالىقلىرى بولۇشى مۇمكىن.

## ئىككىنچى، بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى ئىشلەشتە ھېس قىلغانلىرىمىز

天子 دېگەن بۇ سۆز ئەسلى خەنزۇچىدىكى tənsīmən سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، بىز مەزكۇر سۆزنى «تەڭرى ئوغلى» دەپ چۈشەندۇق ۋە تەرجىمە قىلدۇق.

12 ـ چۈش تەبىرىدىكى 《ķamīlmīx》 سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «يىقىلماق، يىقىلىپ چۈشمەك» ئىدى. ئەمما ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئىشلىگەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسىدە ķammīx (قادىر) دېگەن سۆز بويىچە ئېلىپ

قويۇلغان.

18 ـ چۈش تەبىرىنىڭ يەشمىسىدىكى بەزى نۇقسانلار ترانسكرىپسىيدىكى ئەسلى تېكىستكە ئاساسەن مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلدى.

31 ـ چۈش تەبىرىدىكى barīs سۆزىنىڭ ئالدىغا بۇگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسىدە «يىرتقۇچ» دېگەن بىر ئىنىقلىغۇچىنى قوشۇپ قويغان. ئەسلى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا talīm (يىرتقۇچ) دېگەن سۆز بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەزكۇر ئىنىقلىغۇچىنى ئېلىپ تاشلىدۇق.

sü: مەزكۇر سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «قوشۇن» دېگەن بولىدۇ. ئەمما بۇگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسىدە بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئۇرۇش، جەڭ» دەپ، بەزى جايلاردا «قوشۇن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بىز مەزكۇر سۆزنى ئىزچىل تۈردە قوشۇن دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئىزاھلار:

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1980 ـ يىل 1 ـ سان، 175 ـ بەت.

② تالات تېكىن: «ئىرق بىتىگ ـ تەبىر كىتابى»، ۋېسبادېن 1993 ـ يىل نەشرى.

③ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 102 ـ بەت.

④ ۋ. ئى. ستېبلىۋا: «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تەبىرنامە نەزمىي ئەسەر»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى

تەتقىقاتى »، 1985 ـ يىل 4 ـ سان، 85 ـ بەت.

⑤ ئىبراھىم مۇتىئى: « ئىرق پۇتۇك »، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1980 ـ يىل 1 ـ سان، 174 ـ بەت.

⑥ « قەشقەر پىداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى »، خەنزۇچە، 1993 ـ يىل، 2 ـ سان، 31 ـ بەت.

⑦ « مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى »، ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىل 4 ـ سان، 85 ـ بەت.

⑧ سىگمۇد فىروئىد: «چۈش تەھلىلى»، يازغۇچى نەشرىياتى 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 37 ~ 47 ـ بەتلەر.

⑨ يۇلياڭ: « چۈشنىڭ ئىلمىي تەبىرى »، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1994 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ بەت.

⑩ ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان »، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 495 ـ بەت.

⑪ « بۇلاق » مەجمۇئەسى، 1980 ـ يىل 1 ـ سان، 174 ـ بەت.

⑫ مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 60 ـ بەت.

⑬ « مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى »، ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىل 4 ـ سان، 85 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى ژۇرنال 77 ـ بەت.

⑮ ئاللىتېراتسىيە — شېئىر مىسرالىرىدا سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ باش ھەرپىنىڭ ئوخشاش ياكى ئاھاڭداش

تاۋۇشلار بىلەن كېلىشى.

⑯ رەشىدە رەخمەت ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 1965 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 3 ~ 17 ـ بەتلەر.

⑰ كلياشتورنىي: «تۈركولوگىيە توپلىمى»، موسكۋا پەن نەشرىياتى 1981 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 126 ـ بەت.

چۈشنىڭ هازىرقى تەتقىقاتى ھەققىدىكى بايانلار تۆۋەندىكى تەتقىقات كىتابلىرىدىن ئېلىندى:

⑱ جاڭ چۈنشىڭ: «هازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 188 ـ، 198 ـ، 190 ـ بەتلەر.

⑲ ئاۋۇېن: «سىگمۇد فىروئىدنىڭ قەلب ئەركىنلىك نەزەرىيىسى»، خۇالىڭ نەشرىياتى 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 495 ـ، 496 ـ بەتلەر.

⑳ سىگمۇد فىروئىد: «چۈش تەھلىلى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 215 ـ، 216ـ، 217 ـ بەتلەر.

ئىككىنچى باب

# «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلىرى

## 1. ئىپتىدائىي دىنلار ھەققىدە چۈشەنچە

بىزگە مەلۇمكى، سوتسىئولوگلار ۋارۋارلىق (ياۋايىلىق) دەۋرىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى قۇرۇلما دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى باسقۇچىغا بۆلىدۇ. دىنشۇناسلار بولسا، بۇ ئۈچ چوڭ باسقۇچتىكى ئىنسان بالىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئېتىقادى (ئانىمىزملىق ئېتىقاد)، ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش ئېتىقادى ۋە توتېمغا ئېتىقاد قىلىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەن دەپ قارايدۇ، مانا بۇلار دىنشۇناسلىقتا بىردەك ئىپتىدائىي دىنلار، دەپ قارىلىدۇ. ①بۇيەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ، يەنى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد تارىخى سەل ئۆزگىچىرەك. سەۋەب ئالتاي ـ ئۇرال خەلقلىرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئالتاي مەدەنىيىتى ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان شامان دىنى ئېتىقادچىلىقى بۇ خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تەبىئەت

ئىلاھچىلىق ئېتىقادى، ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش ئېتىقادى ۋە توتېمنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسى بولغان شامان دىنىمۇ ئىپتىدائىي دىنلار كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر.[②]

رايونىمىز مەملىكەت بويىچىمۇ ئىنسانىيەت پائالىيەت ئىزلىرىنىڭ تارىخى ئەڭ قەدىمىي رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، رايونىمىزدىن كونا تاش قورال (پالېئولىت) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەۋە ئىزلار تېپىلغان. يېڭى تاش قورال (نېئولىت) دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى رايونىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ تېپىلدى. مۇشۇ دەۋرلەرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ئۇچۇرلارمۇ كۆپلەپ بايقالدى. جۇڭگو مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ ئۇچۇرلۇق مەنبە دەستۇرى بولغان «تاغ ـ دەريالار دەستۇرى» («山海经») ۋە «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» («穆天子传») دىمۇ رايونىمىزدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.[③] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى 1979 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنى رايونىدىن بىر مۇنچىلىغان قەدىمكى قەبرىلەرنى بايقىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي 1985 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى بايقىدى. بۇ قەبرىلەردىكى جەسەتلەر ئومۇمەن بۇندىن 6000 يىللار ئىلگىرىكى جەسەتلەر ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.[④] مەزكۇر

قەبرىستانلىقلاردىن چىققان كۆپلىگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ۋە جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش شەكلى قاتارلىقلار ئىنتايىن قويۇق ئىپتىدائىي دىنىي پۇراقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا رايونىمىزنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن تاكى كوئېنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىنىدا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ھاياتىدىن مەلۇمات بەرگۈچى مول قىياتاش سىزمىلىرى كەينى ـ كەينىدىن بايقالدى. مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان بۇ قىياتاش سىزمىلىرىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنيا قاراشلىرى، جۇملىدىن ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.⑤ دېمەك ئەجدادلىرىمىز بۇندىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار («شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتابتا بۇندىن 6000 يىللار ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىپتىدائىي دىنلار بولغان، دېيىلىدۇ) ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىپ كەلگەن. «دىن دۇنياسى رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشى»⑥ بولغاچقا ئىپتىدائىي ئېتىقادلارمۇ شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە دۇنيا قاراش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىنىي قاراش ۋە دىنىي چۈشەنچىلەر ئىنسانىيەت ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان ئەمەس. دۇنيا دىنشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە قارىغاندا، دىن ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان شۇنداقلا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تاكامۇللىشىپ بارغان. دىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاڭلىق ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت.⑦

ئۇرۇقداشلىق دىنلىرى (ئىپتىدائىي دىنلار) نىڭ دىنىي قاراشلىرى، ئېتىقاد ئوبيېكتى، ئېتىقاد پائالىيەتلىرى ۋە مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى شەكلىدىن مەزمۇنىغىچە پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئىپتىدائىي دىنلارمۇ ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارنى شەكىللەندۈرگەن. ئىنسان بالىسى ھاياتلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ نېگىزلىك بولغان ئىككى خىل مۇناسىۋەتنى، يەنى ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈردى. دېمەك، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا ئالدى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى ۋە جەمئىيەت كۈچلىرى ئەكس ئەتتى. مانا شۇنداق قىلىپ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بىلەن ئەجدادلارغا تېۋىنىش پەيدا بولدى. شۇڭا، ئىپتىدائىي دىنلار ھەر قايسى جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئۆز مەزمۇنىنى كۈندىن - كۈنگە بېيىتىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ ئىككى مەزمۇن ئىزنالىرى خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەتكە تېۋىنىشى تەبىئەت دۇنياسىدىكى غايەت زور تەبىئەت كۈچلىرىگە تېۋىنىشتىن كەلگەن بولسا، ئۇرۇق كوللېكتىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ زىچ بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشىدىن ئەجدادلارغا تېۋىنىش كېلىپ چىققان. دەسلەپكى ئانىلىق جەمئىيىتىدىكى ئىپتىدائىي

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەجدادىنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۇرگەن قاراشنى شەكىللەندۇرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى توتېم ۋە يېرىم ئادەم شەكلىدىكى ئايال ئەجدادقا چوقۇنۇش ۋۇجۇتقا كەلگەن. بەزى ئالىملار توتېم دەسلەپتە قەبىلە (ئۇرۇق) لەرنىڭ بىر - بىرىنى پەرقلەندۇرۇشتىكى بەلگىسى ئىدى دەيدۇ.[8] ئەمما ئۇنىڭ بىر ئىپتىدائىي دىن بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراش ئىلىم ساھەسىدە بىردەكتۇر. ئەجدادلار روھىغا، تەبىئەتكە ۋە توتېمغا تېۋىنىش، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى گورۇھلار دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ راۋاجلاندى. گەرچە بەزى تېۋىنىش مەزمۇنلىرىدا ئۆزگىرىش بولغان (ئەجدادلارغا تېۋىنىش ئايال ئەجدادقا تېۋىنىشتىن ئەر ئەجدادقا تېۋىنىشقا ئۆزگەرگەن) بولسىمۇ، ئەمما تېۋىنىدۇرۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ توپ خاراكتېرلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ كەتمىدى. تەبىئەتكە تېۋىنىش كەڭ كۆلەمدىكى سېھرىي كۈچكە ئېتىقاد قىلىشتىن، روھقا ئېتىقاد قىلىش ۋە غەلىتە سېھرىي كۈچلەرگە ئېتىقاد قىلىشقا ئۆزگەردى. ئۇرۇقداشلار ئىتتىپاقىنىڭ بارلىققا كېلىشى خۇسۇسىي مۈلۈكنى مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. بۇ دەۋردە قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى تەبىئەتكە چوقۇنۇش قاراشلىرى بىلەن ئەجدادلارغا چوقۇنۇش قاراشلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدا سىنىپىي تامغا زاھىر بولغاندىن كېيىن، ئىلاھلار يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز تارىختا خېلى ئۇزاق مەزگىل ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى

قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي دىنلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئىزنالىرى ھېلىمۇ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ھەر قانداق بىر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ياكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ خىل مەدەنىيەت ۋە ئېتىقادنىڭ مەلۇم خەلق ياكى مىللەت ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىزلىرىدىن دەلىل ئىزدەش ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نۇقتا.[9] شۇڭا بىزمۇ خۇددى باشقا يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى تەتقىق قىلغاندەك «ئىرق بىتىگ» دىن ئاشۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاجايىپ باي دۇنيا قاراشلىرىنى ئىزدەيمىز.

## 2. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى

ئىنسانىيەتكە قەدىمدىن تارتىپ ھەممىنى، ھەتتا ئەقلىنىمۇ تەبىئەت دۇنياسى بەرگەندى. ئىنسان بالىسىمۇ تەبىئەت بىلەن بولغان دائىملىق مۇناسىۋەتنى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئايرىلماس باغلىنىشلىقىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرگەندى. ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىن بولغان تەبىئەتكە ئېتىقاد قىلىشنىڭ دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئېتىقاد قىلىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان باشلانغۇچ

مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىكى «تەبىئەت روھلىرى» غا ئېتىقاد قىلىشنى شۇ زامان كىشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بەلگىلىگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلاھىي تەرىزدە چۈشەنگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى «ئىلاھ» نىڭ ئوبرازى دەپ بىلگەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى باشقا خەلقلەرنىڭ تارىختىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا ئوخشاشلا مۇنداق بىر قانچە كونكرېت تەرەپلەردە گەۋدىلىنىدۇ:

(1) كۆك تەڭرىسى ئېتىقادى. كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادى دەۋرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلىدۇر. بۇ ئېتىقاد شەكلى يەنە كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، بوران (شامال)، يامغۇر، قار، ئاي، چاقماقلارغا بولغان ئېتىقادلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ھەممىسى كۆپ خۇدالىق دىنلاردۇر.

تەبىئەتكە ئېتىقاد قىلىشتا نىسبەتەن سىرلىقراق بولغان تەبىئىي مەۋجۇدىيەتكە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تېۋىنىش ناھايىتى گەۋدىلىك بولغانىدى. شۇڭا «كۈن تەڭرى» ۋە «ئاي تەڭرى» لەرگە ئېتىقاد قىلىش نىسبەتەن مۇھىمراق ئورۇندا تۇراتتى. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى ئىچىدىكى «كۈن تەڭرى» گە ئېتىقاد قىلىشنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ تۇرماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنى ئاساسەن كۈنگە قارىتىپ سالىدۇ، كۈن نۇرى ئۈچۈن تۈڭلۈك قويىدۇ. ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تۈڭلۈكسىز ئۆيدە قونغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇلار تۈڭلۈكسىز ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۈن تەڭرى» قاراشلىرىنىڭ ئىزنالىرىدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ تاھارەت قىلمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «كۈن تەڭرى» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدىن كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۈن تەڭرى» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنى تارىخىي يازما مەنبەلەردىنمۇ كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مەشھۇر تارىخىي ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاقان ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ تۇنجىسىغا «كۈن» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئېپوستا يەنە ئوغۇز خاقانغا رەھنامە بولغۇچى كۆك بۆرە كۆك نۇر (كۈن تەڭرىنىڭ ھىممىتى) ئىچىدىن زاھىر بولىدۇ. ھۇن[10] تەڭرىقۇتلىرىمۇ ھەر تاڭدا قارارگاھىدىن چىقىپ، كۈنگە قاراپ تەزىم قىلاتتىكەن. تۈرك[11] قاغانلىرىمۇ ئۆزلىرىگە «كۈن تەڭرىدىن بولمىش» دېگەن شۆھرەت ناملىرىنى قويۇشقان. مۇنداق[12] پاكىتلارنى يۈزلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. دېمەكچى ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدا تۇرۇۋاتقان چاغلاردا «كۈن تەڭرى» نىمۇ ئالىي ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنو چۈش تەبىرلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۈن تەڭرى» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى

تاپىدۇ:

38 ـ 39 ـ. «تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ يەر ـ جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلىنگىلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۇش تەبىرىدە ئەجدادلىرىمىز «كۈن تەڭرى» گە «ياخشىلىق ئىلاھى» دەپ تىۋىنغان. شۇڭا چۇش تەبىرىدىكى كۈننىڭ پارلاپ يەر ـ جاھاننى يورۇتقانلىقى ياخشىلىق بېشارىتى ، دەپ بايان قىلىنغان.

1979 ـ يىلى، كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ يەتتە قۇر[15] چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇق ( بىرىنچى قۇرىغا 85 ئەتراپىدا قوزۇق، ئەڭ ئىچىدىكى قۇرىغا 52 تال ياغاچ قوزۇق) قېقىلغان. قوزۇقلار يىراقتىن خۇددى ئەتراپىقا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ. بۇ قەبرىدىن تېپىلغان ئەۋرىشكىلەرنى 1 ـ قېتىم نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى كاربون ( X Ⅳ ) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 117±6412 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، 2 ـ قېتىم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكولتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى كاربون ( XI V ) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 4900 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېكىتتى. بۇ،[14] ئەجدادلىرىمىز بۇندىن 6000 يىللار ئىلگىرىلا تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى كۆز قاراشلىرىغا ئىگە ئىدى، دېگەن پىكرىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي پاكىت بىلەن دەلىللىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالتاي رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىنمۇ بۇ خىلدىكى قەبرىلەر خېلى كۆپ تېپىلدى. ئەمما بۇ قەبرىلەردىكى قۇياش ئوبرازى قەبرە

ئىچىدىكى تاشلارنى تېزىش ئارقىلىق ياكى قەبرە تاملىرىغا قۇياش سۈرىتىنى سىزىش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن.[15] دېمەك بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۆك تەڭرى» نى تارىختا نەقەدەر ئۇلۇغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە مۇنداق چۈش تەبىرىمۇ بار: 79 ـ، 80 ـ. «ئەر پۇشۇغلۇق (غەمكىن)، ئاسمان بولۇتلۇق بولدى. شۇ ئارىدا كۆك چىقىپ، ئىچ پۇشۇغى ئارىسىدا خۇشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرىدە ئەرنىڭ غەمكىنلىكىنى پەقەت كۆكنىڭ چىقىشى تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتكەن. كۆكنىڭ تۇساتتىن پارلىشى ئەرگە چەكسىز شاتلىق ئېلىپ كەلگەن. بۇنداق چۈش كۆرۈش «كۆك تەڭرى» قاراشلىرىغا ئىگە بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ياخشىلىق بىشارىتى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىدا يەنە چېقىنغا ۋە «ياشىن تەڭرى» (يامغۇر، ھۆل ـ يېغىن) گە ئېتىقاد قىلىشىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلق بولغاچقا، ھۆل ـ يېغىن ئۇلار ئۈچۈن بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھۆل ـ يېغىن تىلەپ زارا ـ نەزىر ئۆتكۈزۈش، قۇربانلىق قىلىپ يامغۇر تىلەش ئادەتلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇزاق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان قاڭقىللار چاقماق چاققاندا، تەنتەنە

قىلىشىپ تولۇلىشىپ، كۆككە قارىتىپ ئوقيالار ئېتىشىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، [16]چىقىن - گۇلدۇرماما كۆك تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە ئېيتقان ھەممەت زۇۋانىمىش. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ «ياشىن تەڭرى» نىڭ خىتابىمىش. «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۇش تەبىرى بار:

81 ـ، 82 ـ. «بوز بولۇت پەيدا بولۇپ، ھەممە ئۇستىگە يېغىن ياغدى، ئاشلىق پىشتى، ئوت ئۇندى، يىلقىغا، كىشىگە ياخشى بولۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىدا بۇلۇتلارنى ئۇلۇغلاش چۇشەنچىلىرىمۇ بولغان. مەزكۇر چۇش تەبىرلىرىدىكى بۇلۇتلار ئەنە شۇنداق بۇلۇتلاردۇر. «بوز بۇلۇت» ۋە «قارا بۇلۇت» قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادىدىكى خاسىيەتلىك بولۇتلار بولۇشى مۇمكىن. «ئىرق بىتىگ» دىكى بەزى چۇش تەبىرلىرىدە «كۆك تەڭرى» نى بىۋاسىتە ئۇلۇغلاش چۇشەنچىلىرىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن. بىز مۇنۇ چۇش تەبىرىگە قاراپ باقايلى:

83 ـ، 84 ـ. «قۇل سۆزى بەگكە يېتىپتۇدەك، قۇزغۇن سۆزى تەڭرىگە يېتىپتۇدەك. يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلاپتۇ، تۆۋەندە كىشى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىدا قۇزغۇن سەلبىي يېپىنچا ئاستىدىكى قۇشتۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى يۇقىرىدىكى «كۆك تەڭرى» ئاڭلىغاچقا (تەڭرىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشكەچكە)، بۇ چۇش تەبىرىنى جەزمەن

ياخشىلىق تەرەپكە بۇراش لازىم. «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرىدە بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن: «يۇقىرىدا تۇمان تۇرۇپتۇ (پەيدا 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ. بولۇپتۇ)، تۆۋەندە توزان توزۇپتۇ (كۆتۈرۈلۈپتۇ)، ئۇچار قاناتلار ئۇچقان ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ. كىيىك ئەۋلادى (ھايۋانلار) يۈگۈرگەن ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىشى ئوغلى (ئادەمزات) يۈگۈرگەن ئىكەن، يولدىن ئېزىپتۇ. يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچ يىلدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ. خۇشال بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تەڭرى» كۆك تەڭرى بولۇپ، ئۇ بارلىق جانلىقلارغا ھىممەت قىلىدۇ، ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى بويىچە، «كۆك تەڭرى» يولدىن ئازغان ھەر قانداق جانلىق (ئىنسانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ھاياتلىقتا بۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغاندىن ئارتۇقراق خۇشاللىق بولمايدۇ. دېمەك بۇنداق چۈشنىڭ تەبىرى جەزمەن ياخشى بولىدۇ.

(2) يەر (تۇپراق) گە چوقۇنۇش. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى ئىچىدە، يەر (تۇپراق) ئېتىقادىمۇ خۇددى «كۆك تەڭرى» ئېتىقادىدەكلا ئېپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بىرىدۇر. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسىدۇر. ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر ـ سۇب» (مۇقەددەس يەر ـ سۇ) دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت» دېگەن ناممۇ ئاشۇ

ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان (ئىدىقۇت ـ قۇت بەرگۈچى خۇدا دېمەكتۇر) [17] قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز يەر (تۇپراق) نى دۇنيانىڭ مۇھىم بىر ئامىلى، دەپ ھېسابلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ يەر (تۇپراق) تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر بۆلەك ئامىلىدۇر. شىمالىي ئالتاي (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسى) دىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە جەسەتلەر قىزىل توپىغا مىلەپ كۆمۈلگەن. [18] قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، كۇلالىچىلىق، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى، قەبرە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشلار بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە يەر (تۇپراق) نىڭ خاسىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. تۇپراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمچىلىك (داۋالاش) ئىشلىرىنىڭمۇ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغانىدى. ھەرخىل مېنىرال دورا ماتېرىياللىرى تۇپراقتىن ئېلىناتتى. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە ئالەمنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئاناسىر (تۆت زات) ئىچىدە تۇپراقنىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىدۇ. تۇپراقنى، سۇنى، تاغنى، دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىمۇ ماھىيەتتە يەرنى، يەنى «ئىدۇق يەر ـ سۇب» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققاندۇر. [19]

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىچىدىمۇ يەرنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ مەلۇم ئىزنالىرىنى يولۇقتۇرۇش مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا قەسەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە «يەر يۇتسۇن!» دېيىش ئەڭ چوڭ قەسەم ھېسابلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ سودا قىلىشقاندا،

يەرلىك ئادەت بويىچە سودىدا پۈتۈشكەن ئىككى تەرەپ رازىمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئوڭ قوللىرىنى يەرگە سۇۋايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەر ئىلاھىنى گۇۋاھلىققا تارتقانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئادەتتە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر كۈنى بىرىنچى قېتىملىق سودىدىن چۈشكەن پۇلنى قارشى تەرەپنىڭ قولىدىن ئېلىپ، يەرگە بىر تاشلاپ ئاندىن قايتا ئېلىپ غەللىسىگە سېلىۋالىدۇ. بۇمۇ يەر ئىلاھىدىن سودىدا مەدەت تىلىگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرى ئىچىدىكى يەرنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى «ئىرق بىتىگ» دىمۇ ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرەيلى:

30 -، 31 -. «تېتىر (ئېسىل نەسىللىك) بۇغرامەن، ئاق كۆپۈك چاچقۇدەكمەن، (كۆپۈكلىرىم) يۇقىرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ يۈرگىدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە يەر ئىلاھىنىڭ نامى تەڭرى (كۆك ئىلاھى) بىلەن بىرگە چىقىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي يازما مەنبەلىرىمىزدە بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتى توغرىلىق يازغان مەنبەلىرىدە بولسۇن، يەر ئىلاھى ھامان كۆك ئىلاھى بىلەن بىر ۋاقىتتا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ خەن خانىغا يازغان جاۋاپ مەكتۇبىدا مۇنداق بايانلار بار: «... ئاسمان - زېمىندىن تۇغۇلغان، قۇياش -

ئاي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى خەن خانىغا ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ. . .» بۇنىڭدىن باشقا يەنە «مەڭگۈ تاش» لىرىمىزدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. مەسىلەن، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي بېتى 1-، 9-، 10-، 11- قۇرلىرىدىكى تەپسىلاتلار مەزكۇر پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرى بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىمىزنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ:

92 -، 93 -. «توققۇز ئارىلىق بوغا كىيىكمەن، چىرايلىق تىزلىنىپ، مىڭگىرىغىدەكمەن (ۋارقىرىغۇدەكمەن)، يۇقىرىدا تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۈچلۈكمەن، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

ئېنىقكى، چۈشتە نالىنى (ئاۋازنى) ئاسمان، يەر تەڭرىلىرى ئىشتسە، ياخشىلىق بېشارىتى بولىدۇ، دەپ تەبىرلىنىپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان، يەر تەڭرىلىرىنى ئۇلۇغلىغانلىقى «ئىرق بىتىگ» دە روشەن ئەكس ئەتكەن.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەر ئېتىقادى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دەل - دەرەخ (ئورمان) ئىلاھى روھلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس سالغاندۇر. ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىشمۇ ئەمەلىيەتتە، ئىپتىدائىي خەلقنىڭ تەبىئەتكە ئېتىقاد قىلىش قاراشلىرى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. تەبىئەتتىكى[21] دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى بىزگە «بۆكۈخان رىۋايىتى»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق يادىكارلىقلىرىمىزدىن

مەلۇم. «بۆكۇخان رىۋايىتى» دە بۆكۇخاننىڭ ئەجدادى ئىنسانىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئىككى تۈپ ئىلاھىي دەرەختۇر. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا بولسا، ئوغۇزخاقاننىڭ ئىككىنچى خانىشىنىڭ ئۆزى دەرەخ ئىلاھىنىڭ قىزىدۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخكە چوقۇنۇشى ئۇلارنىڭ تەبىئىي دەل ـ دەرەخلەردىن ئۇزاق قەدىمىي زامانلاردىن بۇيان مەنپەئەتلىنىپ كەلگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. هازىرمۇ خەلقىمىز ئىچىدە ئەسىرلىگەن دەل ـ دەرەخلەرگە هۆرمەت نەزەرى بىلەن قاراش، «يامان بولىدۇ» دەپ ئۇنى كېسىشتىن ئەيمىنىش ياكى هەزەر ئەيلەش ئادەتلىرى، ساقلانماقتا. مانا بۇلارنىڭ هەممىسى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىنىڭ ساقىندىلىرىدۇر.

«ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

48 ـ، 49 ـ. «بىر تېۋىلغا يۈز بولۇپتۇ، يۈز تېۋىلغا مىڭ بولۇپتۇ، مىڭ تېۋىلغا تۈمەن بولۇپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى بۇنىڭدا پايدا بار، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تېۋىلغا دەرىخىنىڭ كۆپىيىشىنى چۈشەش ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى، دەپ تەبىر بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرەختىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە مۇنداق چۈش تەبىرىمۇ بار:

98 ـ، 99 ـ. «كۆك بوز توغان قۇشمەن، كۆركەم قىيادا ئولتۇرۇپ (ئەتراپىنى) كۆزىتىمەن. ياڭاقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ يايلايمەن دېگۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياڭاق دەرىخىنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئىپادىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز دەل - دەرەختىن ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ كەڭ مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. ياڭاق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى قەدىمدىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى نافتالىن ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تۇرپان رايونىدىن بايقالغان قەدىمكى قەغەزلەرنىڭ تەركىبىدە ئۈجمە ياغىچىنىڭ قاسرىقى بارلىقى خىمىيىلىك تەھلىل ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ قەغەزلەر تۇرپان رايونىغا قەدىمدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار بولماي، بەلكى يەرلىك خەلق ئۆزلىرى ئىشلەپ چىققان تاۋار (قەغەز مەھسۇلاتى) لاردۇر. دېمەك[27] بۇنداق ئەمەلىي پاكىتلارنى يۈزلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. بىز شۇنى دېمەكچىمىزكى، «ئىرق بىتىگ» دىكى دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ ئىزنالىرى چۈش تەبىرلىرىگە كىرىپ، چۈشلەرنى ياخشى تەرەپتىن تەبىرلەش رولىنى ئوينىغان.

(3) مۇقەددەس تاغلارغا چوقۇنۇش. ئەمەلىيەتتە، تاغلارنى ئۇلۇغلاشمۇ، يەر مۇقەددەسلىكى قارىشىدىن كېلىپ چىققان. شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس تاغلارنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدا، مۇقەددەس بۈيۈك تاغلار پەرىشتىلەر ئالىمى (كۆك ياكى ئاسمان) غا يېقىن بولغاچقا ئۇلۇغلانغان، دېگەن پىكىرمۇ بولغاچقا، بىز بۇ يەردە ئۇنى ئايرىم بايان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتۈكەن تاغلىرىنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى بىز

«مەڭگۈ تاش» ئابدە تېكىستلىرىدىكى بايانلاردىن ھېس قىلىمىز. «تەڭرىتاغ»، «خانتەڭرى»، «مۇزتاغ ئاتا» «ئالتۇن تاغ»، «يالقۇنتاغ» دېگەن تاغ ناملىرىدىنمۇ بىز مەزكۇر نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خۇددى قەدىمكى گرېكلار ئولۇمپۇس (ئولىمپىك) تېغىنى «خۇدالار دەرگاھى» دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغىنىغا ئوخشاش، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرمۇ ئۆتۈكەن، خانتەڭرى، ئۇلۇغ تاغ (يەتتە سۇ ۋىلايىتىدە) قاتارلىق ئۈچ تاغنى خۇدالار دەرگاھى، دەپ قارىغان.[23] خەنزۇچە قەدىمكى مەنبەلەردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس تاغ ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلار بار.[24]

«ئىرق بىتىگ» دىكى بەزى چۈش تەبىرلىرىدە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغنى ئۇلۇغلاشتىكى مەلۇم قاراشلىرى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ:

96 ـ ، «يارغۇن (ياۋا) كېيىكمەن، يازلىقى تاغقا چىقىپ يايلايمەن، خۇشالمەن دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرىدىكى كېيىك ئادەمدۇر. تاغ بولسا مۇقەددەس تاغدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ چۈش جەزمەن ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغلارنى ياخشىلىق تىمسالىدا چۈشىنىش قاراشلىرىنى يەنە بىر نەچچە چۈش تەبىرلىرىدىنمۇ روشەن كۆرۈش كۆرۈشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز.

## 3. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھنىڭ مەۋجۇتلۇق قارىشىدىن كەلگەن يەنە بىر ئىپتىدائىي ئېتىقادى ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدۇر. ئادەتتە، ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا مەيدانغا كەلگەن دېيىلىدۇ. ئاپتونوم[25] رايونىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا، جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن نۇرغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار بايقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھ ئۆلمەيدۇ، دېگەن قەدىمكى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى خەنزۇ مەنبەلىرى («山海经» دا خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان) دىمۇ[26] روشەن كۆرۈلىدۇ. ھازىر بىزنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىمىزدىن تېپىلغان كۆپلىگەن بالباللار ۋە تاش ھەيكەللەرمۇ شۇ مەزمۇننى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئارخېئولوگلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئاسار ئەتىقىلەر ناھايىتى قويۇق ھالدىكى ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىكەن. ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلارنى «ھازىرمۇ بار، ھايات» دەپ قاراپ ئۇلاردىن

مەدەت، ئەقىل تەلەپ قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى ئەۋلادلارنىڭ سالامەت، ئامانلىقى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرۇش، قەدىمكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا تاكامۇللىشىپ، ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى پەللىسىدە نامايان بولدى. ئىپتىدائىي خەلقلەر تەبىئەت بىلەن بولغان كۆرەشتە، ئادەم رولىنىڭ كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. تەبىئەتكە تولۇقى بىلەن قۇل بولغان ئىنسانلار قەدىمكى تەبىئەتكە خوجايىن بولۇشقا باشلىغاندا، ياۋايى ھايۋانلارنى قولغا ئۆگەتتى ۋە دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىشنى ئۆگىنىۋالدى. مانا بۇلاردىن تەبىئىي ھالدا ئىنسان بالىسىنىڭ ھايۋاندىن بۈيۈك ئەقىل ئىگىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ئىپتىدائىي غالىبانە قاراشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ۋارۋارلار ئۆز ئەجدادلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن بۈيۈكرەك ئىلاھىي روھ داۋاملىق ياشايدۇ، دېگەن چۈشەنچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

خېلى كۆپ تارىخىي مەنبەلەردە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قائىدە - يوسۇنلىرى قەيت قىلىنغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق مەلۇمات بار: «ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا، ھۇن باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. بەشىنچى ئايدا لۇڭچېڭ (龙城، بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى موڭغۇل بىلەن تۇتاشقان يېرىدىكى قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ھۇنلار كاتتا بايرام، يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان جاي ئىدى) شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە

ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - بوۋىلىرى، ئاسمان - زېمىن، روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ زارا خەتمە قىلاتتى.»[27] ھازىر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۆتكۈزۈۋاتقان نورۇزمۇ ئەسلىدە ئەنە شۇ خىلدا ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش قەبىلە ۋە قەۋم ئىچىدە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان باتۇر ئەجدادنىڭ روھىغا تېۋىنىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ئۆلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىلا تېۋىندۇرۇش قىممىتىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. پەقەت مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىگە نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى سېغىنىپ قايغۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى سىڭدۇرگەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ روھى ئاندىن تېۋىندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇشقا باشلايدۇ. دېمەك،[28] ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاشتا ئادەملەرنىڭ روھىغا ئەمەس، بەلكى تەسىرى چوڭراق (باتۇر، قەھرىمان، پادشاھ) بولغانلارنىڭ روھىنى ئۇلۇغلاش مۇھىمراق ئورۇندا تۇراتتى.

«ئىرق بىتىگ» دىكى خېلى كۆپ چۈش تەبىرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن ھەممە ئۆز خەلقىنىڭ يۆلىكى بولغان سەلتەنەتلىك، ئادىل خاقانلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ روھلىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، سېغىنىش، ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، بىز «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ كۆرەيلى:

51 -. «خان سوقۇشقا بېرىپتۇ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ، سورگۇن قىلىپتۇ، كۆچۈرۈۋېتىپتۇ، ئۆزى ۋە قوشۇنى خۇشال - خۇرام ئوردىسىغا (پايتەختىگە) قايتىپتۇدەك.

شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

41 ـ، 42 ـ. «خان تەختكە ئولتۇرۇپ ئوردا ـ ساراي سېلىپتۇ، ئەل ـ يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇدەك. يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر خاقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا بولغان پۈتمەس سېغىنىش تۇيغۇسىنى كۆرۈش ئانچە تەس ئەمەس. «ئىرق بىتىگ» دە بۇ خىلدىكى ئۇلۇغ خاقانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈژىتلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چۈش تەبىرلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ياخشىلىققا مەنسۇپ قىلىنغان ياكى بۇ خىلدىكى چۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك «ئەزگۇ» (ياخشىلىق) دەپ تەبىر بېرىلگەن. مەسىلەن، تۆۋەندىكى چۈش تەبىرىمۇ ئەنە شۇ جۈملىگە كىرىدۇ:

97 ـ. «خان قوشۇنى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ، دائىرە ئىچىگە كېيىكلەر كىرىپتۇ، خان كېيىكلەرنى تۇتۇپتۇ، قارا (خەلق) ۋە قوشۇننىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپتۇ. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەزكۇر چۈش تەبىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قويۇق ئوۋچىلىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتلىرىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان خاننىڭ باتۇرانە ئۆلمەس روھى بۇ چۈش تەبىرىنىڭ تۈپ مەزمۇنى بولغان. بۇ چۈش تەبىرى بىزگە يەنە، ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ كۈئېنلۈن تاغلىرىغىچە بولغان كۆپلىگەن قىياتاش سىزمىلىرىمىزدىكى ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇپ

بېرىپ، ياۋايى هايۋانلارنى دائىرە ئىچىگە سولاپ، ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرىنى تارتىپ تۇرغان ئاجايىپ ئوبرازلارنى ئەسكە سالىدۇ.

ئاتىلار روھىنى ئۇلۇغلاش، ئاتىلار سۆزىنى مۇقەددەس بىلىش ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن تارىخىي زاماندىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئادەتلەرنىڭ بىرى. بۇمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش دەۋرى بىلەن چېتىشلىقى بولغان بىر نۇقتا بولۇشى مۇمكىن. «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

89 ـ، 90 ـ. «(بىراۋنىڭ) ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆپكىلەپ، كېتىپ قاپتۇدەك، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ (ئويلىنىپ) ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاي، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاتا ـ بوۋىلاردىن ئەقىل سوراش ۋە ئۇلارنىڭ يەكۈنلىگەن تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا ئىش كۆرۈشنىڭ ئاقىلانىلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. مانا شۇ قاراشمۇ ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاشنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 4. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېملىق قاراشلىرى

توتېم ھەققىدە خەلقئارادىكى دىنشۇناسلىق ۋە

ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بولۇپمۇ، توتېم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دىنمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى قاراشلار دېگەندەك ئورتاقلىققا ئىگە بولماي كەلمەكتە. 1869 ـ، 1870 ـ يىللىرى ئەنگلىيىلىك ماكرونلان بۇ ھەقتە تۇنجى قېتىم ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ توتېمنى دىنىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي مىللەتلەردىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە تېۋىنىشنىڭ مەنبەسى، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مورگاننىڭ 1877 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ توتېم ئادەتلىرى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىپ، توتېم ـ ئۇرۇق، قانداشلىق ۋە قەبىلىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلدى.[illegible]

1885 ـ يىلى، روبېرتسون شمىس ئەرەب ۋە سېمىتلارنىڭ دىنلىرىنى تەتقىق قىلغان مەخسۇس ئەسەرلىرىدە توتېم بارلىق دىنلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، يەنى بارلىق دىنلارنىڭ مەنبەسى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. روھىي كېسەللىكلەر ئانالىزمىغا ئاساس سالغۇچى ئاۋستىرىيىلىك ئالىم سىگمۇند فروئىد (1856 ـ 1939) پسىخولوگىيە تەھلىلى نۇقتىسىدىن چىقىپ، توتېمنى تەتقىق قىلدى ۋە بۇ ھەقتە «توتېم ۋە پەرھىز» ناملىق مەخسۇس ئەسەر يازدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، توتېم بارلىق دىنلارنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بارلىق مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭمۇ مەنبەسى ئىكەن.[illegible]

فرانسىيە سوتسىئولوگى ئېمىل دۇركھىم (1858 ـ

1917) 1912 ـ يىلى «. . . توتېم، بۇ ئىنسانىي ۋە ماددىدىن تاشقىرى كۈچنىڭ تۈرلۈك مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرگەن ماددىي شەكلى بولۇپ، جىسىملاشقان بىر تەڭرىدۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى ئېدۋارد بۇرنېت تىلور (1832 ـ 1917) 1899 ـ يىلى مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «. . . نوقۇل ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش بىلەن توتېمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. توتېم ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى تۈرگە ئايرىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. توتېم دىنىنىڭ ئاساسى ئەمەس.»

يەنە بەزى ئالىملار، مەسىلەن ئىنسانشۇناس رادكلىف بىلان، ئامېرىكا مىللەتشۇناسى پوئاسلار توتېمنىڭ ئەمەلدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.[31]

ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىر دەك ئەمەس. بەزى كىتابلاردا توتېم شامان ئېتىقادىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، دەپ قەيت قىلىنغان.[32] بەزىلىرىدە توتېم دىنىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكىللىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، دېيىلگەن.[33] يەنە بەزى كىتابلاردا بولسا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ دەسلەپكى دىن توتېم بولماي، بەلكى نەرسىلەرگە تېۋىنىش (拜物教) دىنى (feti shism) دېيىلگەن.[34]

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي خەلقلەردە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان دۇنيا قاراش ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىنتايىن مول توتېم ئېتىقادى شەكىللىرىگە ئىگە بولغان. تۈركىيە ئالىمى بەھائىدىن

ئۆگەل قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ توتېمچىلىقى ھەققىدە توختالغاندا، «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ توتېملىرى قەبىلە دىنى ئىدى، ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېملىرى بولاتتى. بۇنداق توتېم شەكىللىرى ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان بەلگىلىرى بولۇپ، ئۆز قانداشلىرى ياكى يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى» دەيدۇ. دېمەك، [35] تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى باي توتېم شەكىللىرىگە ئىگە.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، توتېم (totem) ئاتالمىسى ئەسلى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تىلىنىڭ ئوجىبۋا (ojibwa) دىئالېكتىدىكى «ئوتوتېمان» (ototeman — ئۇنىڭ ئۇرۇقى، ئۇنىڭ ئەجدادى، ئۇنىڭ ئەسلى) دېگەن كەڭ لۇغەت مەنىسىگە ئىگە سۆزدىن كەلگەن. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئاتالما ئومۇملىشىپ كەتتى.

خۇددى باشقا بەزى قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا ئوخشاش «ئىرق بىتىگ» دىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى دەۋرىدىكى توتېملىرى روشەن ئەكس ئەتكەن. تۆۋەندە ئاشۇ توتېملارنى كونكرېت مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز:

(1) كەڭ كىتابخانلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىختا بۆرىنى توتېم قىلغان. بۇ بىزگە مەشھۇر تارىخىي ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دىن مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئوغۇزنامە» ۋارىيانتىدا بۆرە توتېمى ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

تەتقىقاتچىلار «ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرلەرگە ئاپىرىپ باغلىدى.[8] بىز «ئوغۇزنامە» دىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۆرە توتېمىنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلەلمىسەكمۇ، ئەمما ئەجدادلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن جەمئىيەت مۇساپىسىنىڭ قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇز خاقان بەگلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران...»[53]

بۇ ئۇچ مىسرا بىزگە بۆرە توتېمى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىنىقلىما بېرىدۇ. ئوغۇزخاقان نېمە ئۈچۈن ئۆز يارلىقىدا «مەن (ئەمدى) سىلەرگە خاقان بولدۇم، قولۇڭلارغا يا بىلەن قالقان ئېلىڭلار، بىزگە بەخت يار بولسۇن، كۆك بۆرە يولباشچى بولسۇن!» دەيدۇ؟ بۇ شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوغۇزخاقان دەۋرىگە كەلگەندە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى شەكىللەنگەن. ئوغۇز خاقان بارلىق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىنىڭ توتېمى بولغان كۆك بۆرىنى چوڭ قەبىلىلەر بىرلىكىنىڭ ئورتاق توتېمى قىلىش ھەققىدە يارلىق

جاكارلىغان. بۇ يەنە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئوغۇزخاقاندىن ئىلگىرى (قەبىلىلەر بىرلىككە كەلمىگەن چاغدا) ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېملىرى بولغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئوغۇزخاقانمۇ توتېمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش (بۆرە توتېمىغا مەركەزلەشتۈرۈش) يارلىقىنى جاكارلىمىغان بولار ئىدى. 1957 - يىلى، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئارخېئولوگى دۇرۇمجاسولو مىلادىيە 507 - يىلى تۈرك قاغانى مويۇنچۇر ئورناتقان بىر ئابىدىنى تاپقان، مۇشۇ ئابىدىگە بىر كۆك ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بالىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان. ۞ بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن تېپىلغان بەزى مەدەنىي بويۇملاردىمۇ بۆرىنىڭ جانلىق ئوبرازى ئەكس ئەتكەن.۞

شۇ قاتاردا بىزنىڭ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقىمىز «ئىرق بىتىگ» دىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغان دەۋرلەردىكى مەنىۋى قاراشلىرى، يەنى بۆرىنى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشىنىش قاراشلىرى ئىنتايىن يارقىن ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، بىز مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

40 -. «باينىڭ قويى ئۈركۈپ كېتىپ، بۆرىگە ئۇچراپتۇ، بۆرە ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئېمىپ كېتىپتۇ. ھەممە قوي ئامان قاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە بۆرىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى گەۋدىلىنىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىز ھازىرقى ئۇيغۇر فولكلورىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ھېلىھەم بۆرە توتېمى ھەققىدە بەزى ئاساسلارغا ئىگە

بولالايمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەر كىشى بۆرە ھوشۇقىنى يېنىدا ساقلاپ يۈرسە، بالا ـ قازادىن يىراق بولىدۇ؛ بۆشۈكنىڭ دەستىسىگە بۆرە ھوشۇقىنى ئېسىپ قويسا، زىيانداشلار بوۋاققا يېقىن كېلەلمەيدۇ؛ ئاياللارنىڭ كۆزى يورىغاندا، بۆرىنىڭ تېرىسىگە يۆگىنىپ ياتسا، سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كېلىدۇ، دېگەندەك گەپلەر بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە «ئوغۇل تۇغدىمۇ، قىزمۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغدىمۇ، تۈلكىمۇ؟» دېگەن مېتافورانى ئىشلىتىدىغان تىل ئادىتىمۇ بار. دېمەك، قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا شۇ قەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بۆرە توتېمى ئىزناسىنىڭ «ئىرق بىتىگ» دە ئەكس ئېتىشى ھەرگىزمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

(2) لاچىن توتېمى. ئوخشىمىغان بىر نەچچە خىل يىلنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋېنگىر، ئۇيغۇر، سالجۇق تۈركلىرى ۋە ئوسمان تۈركلىرى خان جەمەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئەڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئۇچار قۇش پادىشاھى لاچىننىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بىزنىڭ [40]ئەجدادلىرىمىزمۇ تارىختا لاچىننى توتېم قىلىپ ئۇلۇغلىغان. بەزى ئالىملار «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىمۇ لاچىنغا باغلايدۇ، مەشھۇر تۈركولوگ كلاۋسون ۋە يەنە بەزى ئالىملار «ئۇيغۇر» دېگەن نام «uy —» بىلەن «ur» نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، «uy —» سۆز تومۇرى بولۇپ، «ئويلىماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ur» بولسا قەدىمكى تۈركىي تىلىدا كۈچلۈك ۋە تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ (خۇددى «ئالغۇر»، «چاپقۇر»، «ئۇچقۇر» دېگەنلەرگە ئوخشاش).[41] دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم ئەقىل - ئىدراك مەنىسىدىكى «uy—» سۆزىگە كۈچ - قۇدرەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ɣur» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان، دەپ قارايدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالمىنى تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن مەشھۇر سانغۇن تونيۇقۇق «لاچىندەك چاققان، كۈچلۈك» مەنىسىدە چۈشىنىپ خەنزۇچىغا ئاھاڭەن تەرجىمە قىلىپ بېرىش ئاساسىدا، خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسىنىمۇ كاپالەتكە تولۇق ئىگە قىلىش ئۈچۈن «回鹘» دەپ يېزىپ بەرگەن (مەشھۇر تۈركولوگ س. گ. كلياشتورنىي ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ناملىق ئەسىرىدە، تونيۇقۇق ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ خەنزۇچىغا ئۆزى مەنەن تەرجىمە قىلىپ، «元珍» دەپ يېزىپ بەرگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ). «回» خېتى «uy—» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا، «鹘» «ɣur» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلىغان «鹘鸠» (لاچىن) نى كۆرسىتىدىغان مەنەن تەرجىمىدۇر. ھازىرقى خەنزۇ تىلىدىكى «隼» دەل ئاشۇ قۇشتۇر.[42] مانا شۇنىڭغا ئاساسەن بەزىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم لاچىننىڭ خۇسۇسىيىتىگە تەقلىد قىلىنىش ئارقىلىق تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تەراكىمە» دە

ئوغۇزخاقاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ مەنىسى، تامغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشلىرى (ھەر بىر قەبىلە ئۇلۇغلىغان قوشلار) نى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ كۆرسەتكەن 24 قەبىلىنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ قەبىلە «لاچىن» نى ئۆزلىرىگە بەلگە قىلغان ياكى «لاچىن» نى ئۇلۇغلىغاندۇر:

«بايندىرنىڭ مەنىسى ‹نېمەتلىك› دېمەكتۇر. تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق: ꓘ. قوشى لاچىن.»

«بۇگدۇزنىڭ مەنىسى ‹خىزمەتكار› دېمەكتۇر. تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق: ▭. قوشى لاچىن.»

«ئاۋانىڭ مەنىسى ‹مەرتىۋىسى يۇقىرى› دېمەكتۇر. تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق: ~. قوشى ئاق لاچىن.»[43]

بۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنى ئىزاھلىغاندا، مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ: «ماڭا مۇھەممەت چاقىر تۇتقاخان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ...»[44]

مەھمۇد قەشقىرى خاتىرىلىۋالغان رىۋايەتتىكى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىغان، قاناتلىق قالپاق كىيگەن ئۇيغۇرلار جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا «لاچىن» نى توتېم

قىلغاندۇر. شۇڭا، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىمۇ گەۋدىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «لاچىن» نى تارىختا توتېم قىلغان ئەجدادلىرىمىز ئەسكەرلىرىنىڭ باش كىيىمىنى لاچىن شەكلىدە لايىھىلەپ، ئۇلارنى لاچىندەك چاققان ۋە باتۇر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، زۇلقەرنەينگە قارشى ئاتلانغان تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ تەسۋىرى يۇقىرىقىدەك بىرىلگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى بىر قاتار ئەمەلىيەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدە «لاچىن» نى توتېم قىلىپ ئۇلۇغلىغانلىقىدىن روشەن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ. «ئىرق بىتىگ» دە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ «لاچىن» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئىنتايىن يارقىن ئەكس ئېتىدىغان چۈش تەبىرلىرى بار. مەسىلەن:

66 ـ، 67 ـ. «لاچىن توشقان تۇتاي دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتىۋاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىقى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ، لاچىن تىرنىقىنى كىرىشتۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تېرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

بۇ چۈش تەبىرىدە بايان قىلىنغان سۆزنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا يەنە تۇتالماي قاچۇرۇپ قويغان. قەدىمكى توشقان تېرىسىدىن چىقىپ قېچىپ كەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار نەرەردە ئۇلۇغلانغان قۇش «لاچىن» ئۇلجىغا ئېرىشەلمىگەچكە، تەبىئىيكى، بۇ چۈش يامانلىق تەرەپكە

مايىل قىلىنىپ تەبىرلىنىدۇ. بۇ چۈش تەبىرىنىڭ سۈژىت قۇرۇلمىسىدىن يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەشىنىڭ يۇمۇرىستىك شەكىللىرىدىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز.

ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىنىڭ سالۇر ئۆگۈرجىق ئالىپ ھەققىدە بايان بېرىدىغان بابىدا ئۆگۈرجىقنىڭ تىلىدىن مۇنداق نەزمىي مىسرالار بېرىدۇ:

. . . . .

قىلىچىمنى سىېرىپ، بەلگىچە قۇدۇق قازدىم،
تېرىدا قىشلاپ، بوزدا يايلاپ تاغدىن ئاشتىم.
ئەگسە ياسىنى قارا تاغقا چۈشۈپ كەلدىم،
قايىسى توپلاق توي تۇتمىدى شۇندا كۆردۈم.

. . . . .

. . . . .

ئالتۇن كۆزلۈك توشقاننى كەلتۈردى دەپ،
قۇش ئاياغلىق ئۈچ ئاچىماق تامغا بەردىم.

بۇ يەردىكى ئاخىرقى ئىككى مىسرا بىزگە تەبىئىي ھالدا يۇقىرىقى چۈش تەبىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئېنىقكى، ئالتۇن كۆزلۈك توشقاننى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە قۇش ئاياغلىق ئۈچ ئاچىماق (بۇ بەلكىم لاچىن پۇتلۇق تامغا بولۇشى مۇمكىن) تامغا بېرىلگەن. بىز مەزكۇر مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىلەن يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار ئارىسىدا مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئورتاقلىقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇ يەردە

بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدىغان نۇقتا «توشقان» سۈژىتى ئارىلاشقان كارتىنا بىلەن «قۇش» مەسىلىسىدۇر. بىراق، ئەبۇلغازى باھادىرخان سالۇر قەبىلىسىنىڭ قۇشىنى «بۇركۇت» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت يوقتەكمۇ قىلىدۇ. ئەمما «بۇركۇت» مۇ قەدىمكى تۇركىي خەلقلەر ئۇلۇغلىغان قۇشلارنىڭ بىرى. كۆل تېكىن ھەيكىلىنىڭ بېشىدىكى شاھانە تاجنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان بۇركۇت مانا شۇنىڭ شاھىدى. [45] شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى مەسىلىگە بۇ يەردە كېسىپ بىر نېمە دېيىش تەس.

لاچىن توتېمى «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرلىرىدىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن:

6 ـ. «ئالتاغىل لاچىن قۇشمەن، چىنتەن (سەندەل) دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلار!»

64 ـ، 65 ـ. «دەريا لاچىنى ئوۋغا چىققانىكەن، قارشىسىدىن يىرتقۇچ قارا قۇش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

بۇ يەردە بۇ چۈش تەبىرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش ھاجەتكى، «ئىرق بىتىگ» دە بىر يىرتقۇچ قارا قۇش ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ھامان يامانلىق بېشارىتى بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئەكس ئەتكەن بىر چۈش تەبىرى ياخشىلىقتىن بىشارەتمۇ بەرگەن. «ئىرق بىتىگ» دە خېلى كۆپ قۇشلار چۈش تەبىرلىرىگە دېتال بولغان،

مەسىلەن: قارا قۇش، قۇزغۇن، ھۆپۈپ، كاككۇك، تورغاي، كۆك بوز توغان قۇش قاتارلىقلار. تەبىرلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بۇ قۇشلارنىڭ بەزىلىرى ياخشىلىق (مەسىلەن، كۆك بوز توغان قۇش، تورغاي، كاككۇك) تىن بېشارەت بەرگۈچى دېتال، بەزىلىرى يامانلىق (مەسىلەن، قۇزغۇن، قارا قۇش) تىن بېشارەت بەرگۈچى دېتال بولىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، «ئىرق بىتىگ» دە تىلغا ئېلىنغان بۇ قۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇددى «لاچىن» غا ئوخشاش بىر مۇئەييەن مەنىۋى ئاساسى بار. بىز تولۇقسىز ماتېرىياللار بىلەن بۇ چوڭ ئەمگەككە ئىشتىراك قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، «ئىرق بىتىگ» دىكى ھەربىر نازۇك مەسىلىنى تولۇق ۋە ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ بولۇشتىن سۆز ئاچالمايمىز.

(3) ئۆكۈز (كالا) توتېمى. ئا. ن. بېرنشتام: «ھۇنلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سېغىنغان توتېمى ئۆكۈز بولغان» دەيدۇ.[46] دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئىززەتلىگەن ھايۋانلارنىڭ بىرى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن چىڭشى ئۇيغۇرلانىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى تىلغا ئالىدۇ: تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ساك دۆلىتىدە بارلىققا كەلگەن. نىشۇدۇرنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، ئۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپ تۆت پەرزەنت كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق غازغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۇچۇپ كېتىش ۋاقتىدا ئۇچ ئوغلىغا: «سىلەر گۇفاڭ (古舫) دېگەن كىتابنى كۆرۈڭلەر» دەپتۇ. ئۇ كىتابتا كالا ھەققىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچ ئوغۇل كالىغا ئەگىشىدىغان

بوپتۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى باسقاقوف «ئوغۇز» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە توختىلىپ: «بەزىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر خىل قارىشى بار. ئۇلار ئوغۇز — zügü دېگەن سۆز ئۆكۈز — ügüz دېگەن سۆزدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ كالىنى توتېم قىلغان قەبىلىنى بىلدۈرىدۇ» دېگەن.[12] مەشھۇر ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاقانىنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى بېرىلگەندە، ئوغۇزخاقانىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر قىسمى، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىختا توتېم قىلغان ھايۋانلارغا تىمسال قىلىنىدۇ. شۇ قاتاردا «ئۇنىڭ پۇتى ئۆكۈزنىڭ پۇتىدەك» دەپ[13] سۈرەتلىنىدۇ. كالىنى تارىختا ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى باشقا تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن قىرغىزلارمۇ (بەلكىم قىرغىزلارنىڭ مەلۇم قەبىلىلىرى) ئۇلۇغلىغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن، قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر ئېپوسى «ماناس» داستانىدا ماناسنىڭ ئاتىسى ياقۇپباي بالا ئىشقىدا كۆيۈپ، ئايالى چىيىردى بىلەن تەڭرىدىن بالا تىلەيدۇ، ئورمانلاردا تۈنەيدۇ. ئولتۇرسا ـ قوپسا «بىر ئوغۇل! بىر ئوغۇل! . . .» دەپ نالە قىلىدۇ. ئۇنىڭ نالىسىدىن تاغۇ ـ تاشلار تىترەيدۇ. پۈتۈن يايلاق لەرزىگە كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولمايدۇ. نىھايەت ئاقپالتىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ياقۇپباي ئايالىنى بىر ئۆكۈزگە مىنگۈزۈپ توقايلىقتا ھەيدەيدۇ. مانا شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن باتۇر ماناس تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ماناس» داستانىدا «يەتتە ئۆكۈز» دېگەن يەر نامى ئۇچرايدۇ.

مۇقەددەس سان «يەتتە» بىلەن خاسىيەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھايۋان ئۆكۈزنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇپ يەر نامى قىلىپ قويۇلۇشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن قىرغىزلارنىڭ قەدىمدە ئۆكۈزنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر نۇقتىدۇر.

دۇنخۇاڭ مىڭئۆيى ۋە قىزىل مىڭئۆيىدىكى تام سۈرەتلەردىمۇ كالىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ ساقىندىلىرى روشەن ھالدا ئەكس ئەتكەن.

قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ 42 ـ غاردا ئاجايىپ بىر سۈرەت ـ كالا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك جىيەك بار. بۇ جيەكتىكى كالا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قىلىپ سىزىلغان. قىزىل مىڭئۆي 38 ـ غاردا سىزىلغان بىر سۈرەتتە بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى قاراڭغۇ جەمئىيەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ سۈرەتتە قاراڭغۇلۇقتا قالغان كىشلەر كالا مىنگەن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. 114 ـ غاردىمۇ كالىنىڭ ئوبرازى ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەنگەن.

بەزى ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كالىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، چىرا ناھىيىسىدىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ياغاچ تاختىغا سىزىلغان ئۈچ باشلىق، تۆت قوللۇق ئىلاھ ھەم ئىككى كالا مەزكۇر ئىلاھنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆرۈنۈش بار. ئېنىقكى، بۇ يەردىكى ئىككى كالا روشەن ھالدا ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان. خوتەندىن قېزىۋېلىنغان، ئېگىزلىكى 19.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان، مىلادىيە 3 ~ 4 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئادەم ـ كالا باشلىق ساپال

رومكىنى كۆزەتسەكمۇ، كالىنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ
يارقىن ئەكس ئەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەپسانە-
رىۋايەتلەردىمۇ كالىنى ئۇلۇغلاشنىڭ بەزى ئالامەتلىرى
روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر ئەپسانە
بار:
زېمىنىنىڭ تېگىدە ناھايىتى زور بىر كالا بارمىش، ئۇ
كالا بىر مۈڭگۈزى بىلەن يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرارمىش، ئۇنىڭ
بىر مۈڭگۈزى توققۇز يىلغىچە بەرداشلىق بېرەرمىش. توققۇز
يىل توشقاندا يەرنى يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەرمىش، دەل
مۇشۇ چاغدا يەر تەۋرەرمىش...
چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىزكى، بۇ ئەپسانىگىمۇ روشەن
ھالدا كالىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىزنالىرى سىڭگەندۇر.
بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلار كالىنى ئۇلۇغ بىلگەچكە،
ئۇنى كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئىشلەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىدا «ئالىپ بۇقا»، «قارا بۇقا»، «بۇقا
تېكىن» دېگەندەك ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ.
«ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىنى
ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈش تەبىرلىرى
بار. مەسىلەن:
56 ـ. «بىر قېرى ئۆكۈزنىڭ بېلىنى قورقاق
چۈمۈلىلەر يەۋاتقۇدەك، ئۆكۈز قىمىرلاشقا مادارى يەتمەي
جىم تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»
بۇ چۈش تەبىرىدە كالا (ئىلاھىي كالا) نىڭ
پالاكەتچىلىككە يولۇقۇشى يامانلىق بىشارىتى دېيىلىپ،
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كالىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى

ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە مۇنداق چۈش تەبىرلىرىمۇ بار:

61 ـ. «قارا ئالا ئىنەك موزايلىماقچى بولۇپ، ئۆلىدىغان بولدۇم دېگۈدەك. قارا ئالا ئەركەك موزايلىغان ئىكەن، قۇربانلىققا يارىغاي، دەپتۇدەك، (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بىلىڭكى بۇ ئەزگۈ.».

بۇ چۈش تەبىرىدە ئۆكۈزگە ئەڭ ئالىي ئىلاھىي سۈپەت بېرىلگەن، قارا ئالا ئىنەكنىڭ مىڭ بىر جاپادا قارا ئالا ئەركەك موزاي (بولغۇسى ئۆكۈز) موزايلىشى ۋە مەزكۇر چۈشنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىشى، بۇ پىكرىمىزنىڭ شاھىدى بولالايدۇ. ئەمدى مۇنۇ چۈش تەبىرىدىمۇ ئوخشاشلا كالىنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەكس ئەتكەن:

37 ـ. «ئىككى ئۆكۈزنى بىر بوقۇسغا قېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ماڭالماي تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ يامانلىق.».

بۇ چۈش تەبىرىدە كالىلارنىڭ ماڭالماي تۇرۇشى يامانلىق بېشارىتى، دېيىلىش ئارقىلىق يەنىلا كالىنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەكس ئەتكەن.

(4) ئېيىق توتېمى. تۈركىيە ئالىمى ئىبراھىم كافەسوگلۇ ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنلىرى ھەققىدە چوڭقۇرراق تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئابدۇلقادىر ئىناندىن نەقىل ئېلىپ، ئاسىيا تۈركلىرىدە «aba» (ayi) [ئېيىق] نىمۇ ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ بولغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.[50] ئېيىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ədīɣ» دېيىلگەن بولۇپ، گابائىن خانىمنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

12 ـ توملىرىدا مەزكۇر ھايۋان ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغانىكەن[51]. تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەزى قەبىلىلىرى تارىختا ئېيىقنى توتېم قىلغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار بەزى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[52] جاڭ يەنپىڭ ( 张彦平 ) ئەپەندى ئۆزىنىڭ قىرغىزلار توتېم مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماقالىسىدا، تارىختا بەزى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ ئېيىقنىمۇ توتېم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[53]. ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونى ئالغوي جىلغىسىدىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمكى قەبرىلەر تېپىلدى. بۇ يەردىن چىققان ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، برونزا، تۆمۈر، رەڭلىك ساپال ۋە باشقىلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېيىق ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن. 1983 ـ يىلى كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن كۆپلىگەن مەدەنىي بۇيۇملار تېپىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر برونزا تاۋاق بولۇپ، تاۋاقنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قىياپەتتىكى تۆت ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسىنىڭ شەكلى ئېيىققا ئوخشايدۇ.[54]

مانا بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارمۇ يۇقىرىقى قاراشلارنى دەلىللەيدۇ. بىزنىڭ كۆپلىگەن سىزما ۋە يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېيىقنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تارىخىي ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە، ئوغۇز خاقاننىڭ قىياپەت تەسۋىرى ئۈچۈن بېرىلگەن بايانلاردا «(ئوغۇز خاقاننىڭ) كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى»[55] دېگەن بايان بار. بۇ بايانمۇ ھەرگىز ئاساسسىزلا بېرىلگەن

ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر فولكلورىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزى قەدىمىي ھېكايە - چۆچەكلىرىمىزدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا ئېيىققى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بولغانلىقىنىڭ شاھىدى بولۇشقا ئەرزىيدىغان دېتاللارنى تاپالايمىز. مەسىلەن، بىزدە سۆزلەنمە ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغان ھەم داستانلىق خاراكتېرىنى ئالغان چۆچەك «چىن تۆمۈر باتۇر» (مەزكۇر چۆچەكنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە يەنە «ئاق ئۇلامبەردى خان» ناملىق ۋارىيانتىمۇ بار) دا، چىن تۆمۈر بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئانىسىدىن تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭلا، دادىسىنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى تەرىپىدىن چۆل - باياۋانلارغا تاشلىۋېتىلىدۇ. بۇ بوۋاقلارنى بىر ئېيىق جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ باقىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى بالا ئېيىقنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. ئەقلىگە كەلگەندە بۇلار بىر - بىرىگە ئات⊛قويۇشىۋالىدۇ.

مېنىڭچە بۇ يەردىكى چىن تۆمۈرنىڭ باھادىر ئەر بولۇپ يېتىلىشىدە ئېيىقنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا مەزكۇر ھايۋاننى ئۇلۇغلىغانلىقىدىن روشەن بىشارەت بېرىدۇ.

بىزنىڭ يەنە بىر چوڭ مەدەنىيەت خەزىنىمىز بولغان قىزىل مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلساق، ئېيىقتىن ئىبارەت بۇ ھايۋان ھەققىدە بۇددا دىنى مەزمۇنىنى ئالغان خېلى كۆپ ھېكايىلەر بار. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي تام سۈرەتلىرى ئىچىدە ئېيىق، ئوتۇنچى ۋە بىر ئوۋچىنىڭ كارتىنىسى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە سۈرەت بار. بۇ ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىز بۇددىزم ئېتىقادى ۋاقتىدا ئەجدادلىرىمىز

ئارىسىدا ئىغىنىزدىن ـ ئىغىنىزغا كۆچۈپ يۈرگەن بۇددا مەزمۇنىدىكى بىر ھېكايە ئىدى. ھېكايىنىڭ تەپسىلاتى مانا مۇنداق: بۇرۇن، پرونېس شەھىرىدە بىر نامرات ئوتۇنچى بولۇپ، ئۇ ئوتۇن سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئارقان ۋە پالتىسىنى ئېلىپ تاغدىكى ئورمانلىققا ئوتۇن كەسكىلى بېرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا بىر توپ يوغان دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىشىغا، تۇساتتىن ئاجايىپ قاتتىق بوران ـ چاپقۇن ۋە شىۋىرغان چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ شىۋىرغان يەتتە كېچە ـ كۈندۈزگىچە توختىماپتۇ. ئوتۇنچى بۇ شىۋىرغاندىن پاناھلىنىش ئۈچۈن تاغ قاپتىلىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ تۇساتتىن بىر غارنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە پاناھلىنىش ئۈچۈن غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. كۆرۈپتۇكى، بۇ ئەسلىدە بىر ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرى ئىكەن. ئوتۇنچى ئېيىقنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن دەرھال كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ. ئېيىق ئوتۇنچىنىڭ قورقۇپ قاچقىنىنى كۆرۈپ، ئىنسانلارچە زۇۋانغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ھەي ئاقكۆڭۈل يىگىت، سەن قورقما!» شۇنداق قىلىپ ئېيىق ئۆز بەدىنىنىڭ ھارارىتى بىلەن ھېلىقى ئوتۇنچىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن شىۋىرغان توختاپتۇ. ئوتۇنچى ئېيىق بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا، ئېيىققا قانداق رەخمەت ئېيتىشىنى بىلەلمەپتۇ، بۇ چاغدا ئېيىق ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ماڭا ئېيتقان رەخمىتىڭ شۇ بولسۇنكى، مېنىڭ سېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىمنى ۋە مېنىڭ تۇرارگاھىمنى باشقىلارغا ئېيتما» دەپتۇ. بىراق بۇ نائەھلى ئوتۇنچى شەھەرگە بارغاندا، بۇ ئەھۋالنى بىر قانخور ئوۋچىغا ئېيتىپ ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپتۇ. . . نىھايەت ئوتۇنچىمۇ، ئوۋچىمۇ خۇدانىڭ جازاسىنى تارتىپ

ئۇلۇپتۇ. . .[57]

بۇ ھېكايە گەرچە بۇددا ھەقىقەتلىرىنى شەرھلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا چىققان ئېيىق بۇددا ئىلاھلىرىغا يېقىن ھايۋان تىمسالىدا گەۋدىلەنگەن. دېمەك، بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بۇ بىر قاتار ئەمەلىيەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئېيىقنىمۇ ئۇلۇغلىغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. خۇددى باشقا بەزى يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا ئوخشاش، «ئىرق بىتىگ» دىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېيىقنى ئۇلۇغلاش قارىشى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. بىز مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

10 ـ. «ئېيىق بىلەن توڭگۇز ئارت (داۋان) ئۈستىدە سوقۇشۇپتۇ. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ، توڭگۇزنىڭ سۆيۈ چىشى سۇنۇپتۇ. بىلگىنكى بۇ يامانلىق.»

مەزكۇر چۈش تەبىرىدە ئېيىقنىڭ پالاكەتچىلىككە يولۇقۇشى يامانلىق بېشارىتى دەپ تەبىرلىنىپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېيىقنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ مەلۇم ئىزناسى ئەكس ئەتكەن.

(5) يولۋاس توتېمى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بەزى قەبىلىلىرى تارىختا يولۋاسنىمۇ ئۇلۇغلىغان. بۇ ھەقتە بىزدە تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ناھايىتى نۇرغۇن. يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مەدەنىي بۇيۇملار، جۈملىدىن يولۋاس سۈرەتلىك بويۇن ئاسقۇ (بولاپكا) رايونىمىزدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار نەتىجىسىدە كۆپ تېپىلدى. 1983 ـ يىلى، كۇنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى

رايونلىرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە چوڭ چەمبەرسىمان بويۇن ئاسقۇلار بار. بۇ بويۇن ئاسقۇلارنىڭ بەزىلىرىگە بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان جۈپ يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.[58]

1976 ـ 1977 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدىن تېپىلغان مەدەنىي بۇيۇملار ئىچىدىمۇ يولۋاس سۈرەتلىك سەككىز دانە ئالتۇن قاداق بار.[59] قوينى چىشلەپ تۇرغان يولۋاس نەقىشلىك باستۇرغۇچ تۇرپاندىن تېپىلدى.[60] ئۇ قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، يولۋاس ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە سەنئەتلىك ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتاي، بورتالا، موڭغۇلكۈرە، كۇنەس، نىلقا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، قۇمۇل، قارا شەھەر، خوتۇنسۇمبۇل، ئاقچى ۋە كىروران قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرگە تەۋە بولغان يولۋاس سۈرەتلىك يۇمۇلاق ئالتۇن بۇلاپكا، يولۋاس سۈرەتلىك ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مىس بۇلاپكا، يولۋاس سۈرەتلىك ئالتۇن بېزەك ۋە[61] يولۋاس سۈرەتلىك باشقا يادىكارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولۋاسقا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىغانلىقىنى تولۇق دەلىللىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار بۇ قارىشىمىزنى تېخىمۇ يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن دەلىللەيدۇ. ساكلارغا تەۋە دېيىلىۋاتقان كۆپلىگەن تېپىلمىلار ( بۇ ھەقتە 1994 ـ يىلى شىنجاڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت» ناملىق خەنزۇچە كىتابقا قارالسۇن) مانا مۇشۇ

مىساللارغا ياتىدۇ. بۇ تېپىلمىلار ئارىسىدا يولۋاس ئوبرازى چۇشۇرۇلگەنلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

رايونىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى قىياتاش سىزمىلىرىمىزدىمۇ يولۋاس ئوبرازى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئېتىدۇ.

مانا شۇنداق كۆپ پاكىتلار ئالدىدا، بىز يولۋاسنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان، دېگەن قىياسقا كەلمەي تۇرالمايمىز.

«ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۇش تەبىرى بار:

«يىرتقۇچ يولۋاس ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ يىلانغا دۇچ كېلىپتۇ. ئالا يىلان تىك قىيا تاشقا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (يولۋاس) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، خۇشال - خۇرام يۈرگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.» ـ 74، 75 ـ.

ئېنىقكى بۇ چۇش تەبىرىدە يولۋاسنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، شادلىققا چۆمۈشى ياخشىلىق بېشارىتى قىلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولۋاسنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۆۋەندىكى چۇش تەبىرلىرىدىكى ئەھۋالمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ:

«يىرتقۇچ ھايۋان - يولۋاس يەم ئىزدەپ ئوۋغا چىقىپتۇ، ئوۋى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نورغۇن يېمەكلىك تاپلاپ، خۇشال - خۇرام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۇ.» ـ 46، 47 ـ.

«ئەسىنگەن يولۋاسمەن، بېشىم قومۇش ئارىسىدا كۆرۈنگۈدەك. مەن شۇنداق باتۇرمەن، ئەدەپ - ـ 15 ـ.

www.uyghurkitap.com

ئەردەملىكمەن، شۇنى بىلىڭلار!»

بۇ يەردە شۇ مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يولۋاسنى «يىرتقۇچ هايۋان» دەپ ئېلىش پەقەت مەتىننى هازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا يەشكۈچىلەرنىڭ ئىشى. چۈنكى مەتىندە «bars» دەپلا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئالدىدا «يىرتقۇچ» مەنىسىنى بېرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە هېچقانداق سۆز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە بۇ چۈش تەبىرلىرىنىڭ يەشمىسىنى ئىشلىگەندە «يولۋاس» نىڭ ئالدىغا هېچقانداق ئېنىقلىغۇچى قوشماي، ئەينەن يېزىش كېرەك.

(6) بۇغا - كېيىك توتېمى. «مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يايلاق مەدەنىيىتىدىكى شامان دىنى ھەمىشە هايۋاننى، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى توتېم قىلغان هايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوخشاشلا باشقا هايۋانلار بىلەن، بولۇپمۇ تۆت خىل ئەڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە شامان ئىلاهىي هايۋانلىرى بۈركۈت، ئات، ئېيىق، مارال ياكى بۇغىلار بىلەن زىچ قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ.»

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، شامان دىنى ئەسلى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، ئەجدادلار روھىغا تىۋىنىش ۋە توتېمىزملار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا شامان ئىلاهىي هايۋانلىرى، ئەمەلىيەتتە ئالتاي مەدەنىيىتى تىپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى توتېم قىلغان هايۋانلاردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغا - ماراللارمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا بۇغا توتېمى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى قىرغىزلاردا ئەڭ قويۇق بولغانىكەن.[63] دېمىسىمۇ قىرغىزلار ئارىسىدا بۇغا ئانا ھەققىدە

ناھايىتى مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارقىلىپ يۈرمەكتە.

بولۇپمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا ياشاپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ بۇغا قەبىلىسىدە ئەھۋال شۇنداق. بۇ ئەھۋال بىزگە داڭلىق قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرىدىنمۇ مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىمۇ بۇغا - كېيىكنى توتېم قىلغان ئەھۋال بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى بىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى خېلى كۆپ مىسلاردا بۇغا - كېيىك بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە كارتىنىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

96 -. «يارغۇن (ياۋا) بوغا - كېيىكمەن، يازلىقى تاققا چىقىپ يايلايمەن، خۇشالمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە كېيىكنىڭ شادلىقى ياخشىلىق بېشارىتى قىلىنغان. بۇ يەردە بۇغا - كېيىكنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ ئىزنالىرى يارقىن ئەكس ئەتكەن.

تۆۋەندىكى چۈش تەبىرىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش:

92 -، 93 -. «توققۇز ئارلىق بۇغا - كېيىكمەن، چىرايلىق تىزلىنىپ مىڭرىغىدەكمەن (ۋارقىرىغۇدەكمەن)، يۇقىرىدا تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

(7) تۆگە توتېمى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تۆگە (بۇغرا) نى توتېم قىلغان ئىزىق - قەبىلەرمۇ بولغانىدى. ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن خېلى مول

www.uyghurkitap.com

ئارخېئولوگىيىلىك ئۇچۇرلار بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. بەزى مەدەنىي بۇيۇملاردا تۆگە قاناتلىق هالدا بەك ئوبرازلىق چۈشۈرۈلگەن.[15] تۇرپاندىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە ئائىت ئېگىزلىكى 72 سانتىمېتىر كېلىدىغان نار تۆگىنىڭ لاي هەيكىلى تېپىلدى. بىزنىڭ رايونىمىزدىكى قەدىمكى قىياتاش سىزمىلىرىنىڭ بەزىلىرىدىمۇ تۆگە ئوبرازى بەك جانلىق سىزىلغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىي داستانلىرىدىن بىرى بولغان «ئالپامىش» تا، ئالپامىش قالماق ئېلىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىدە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا نار تۆگىسى كېلىپ، ئۇنى (ئالپامىشنى) يەتتە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ئالپامىشنىڭ ئۆز يۇرتىدا بولغان ۋەقەلەرنى خۇددى ئادەمدەك زۇۋانغا كىرىپ ئالپامىشقا سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش ئالپامىش داستانىدا مۇنداق بېرىلىدۇ:

. . . . .

دەل ئالدىغا چىقتى تۆگە ـ قارانار،<br>
كەلدى شۇنداق سۇرى بىلەن ئالامەت.<br>
كەلگەنچە ئۇ يەتتە قېتىم ئايلىنىپ،<br>
يىغلاپ قىلدى هېكىمبەگنى زىيارەت.

. . . . .

دېمەك تۆگىنى ئۇلۇغلاش تۈركىي تىللىق خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى دەۋرلەردە مەۋجۇت بولغان قاراشتۇر. شۇڭا، بۇ قاراش «ئىرق بىتىگ» دىكى بەزى چۈش تەبىرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

30 ـ، 31 ـ. «تېتىر (ئېسىل نەسىللىك بۇغرامەن، ئاق كۆپۈك چاچقۇدەكمەن، (كۆپۈكلىرىم

يۇقىرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ، يۈرگۈدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ».

بۇ چۈش تەبىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نەسلىلىك بۇغرا ئاسمان ۋە يەر تەڭرىلەرنىڭ مەدىتى بىلەن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىدۇ. بۇنداق چۈش كۆرۈش ئەلۋەتتە ياخشىلىق بېشارىتى بولىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دە تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلار ئىچىدە ئات ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توتېم دەۋرلىرىدە ئاتنىمۇ توتېم قىلغان. ئەمما بىز بۇ سەھىپىمىزدە ئات ھەققىدە بايان قىلمايمىز، چۈنكى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى چوڭ تېما، شۇڭا ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا مەخسۇس باب سەھىپىسى ئاستىدا مۇھاكىمە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن باشقىمۇ ھايۋانلار ۋە بەزى قۇشلار تىلغا ئېلىنىدۇ، مەسىلەن توشقان، تورغاي دېگەندەكلەر. بىز بۇ يەردە پەقەت قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا بەلگىلىك ئورۇنغا سازاۋەر بولغان ھايۋان ۋە قۇش ئۈستىدىلا توختالدۇق.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە تۆگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر چۈش تەبىرىمۇ بار:

69 ـ، 70 ـ. «تۆگە پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى يەپتۇدەك، ئاندىن ئۇنى تۈلكە يەپتۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

ئەجدادلىرىمىز تۆگىدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق ھايۋاندىن ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ يىراق ئەجدادلىرىمىزدىن قەدىمكى تارىملىقلار ئۇچۇن تۆگە ئىنتايىن مۇھىم قاتناش ۋاستىسى بولغانىدى. شۇڭا يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدە تۆگىنىڭ پالاكەتچىلىككە يولۇقۇشى جەزمەن يامانلىق بېشارىتى قىلىنغان. «ئىرق بىتىگ» دە بۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە تۆگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈش تەبىرلىرى بار، ئۇلارنى بۇ يەردە بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز.

## 5. شامان دىنى ۋە «ئىرق بىتىگ»

ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئەجدادلىرىمىز تارىختا ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئېتىقاد قىلغان ۋە ئالتاي - ئۇرال ئەتراپلىرىدا مەيدانغا كەلگەن شامان دىنىدۇر. شامان دىنى ئېتىقادى گەرچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئامىللىرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز ئالدىغا دىنىي قاراش جەھەتتىن دەستۇرسىز مول نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ۋە مەخسۇس كەسپىي ئىلاھچىلار ياكى روھچىلار ( شامان ياكى باخشى) غا ئىگە بولدى. شۇڭا شامان دىنى ئېتىقادى باسقۇچى كۆپ خۇدالىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىر خۇدالىق دىنلارغا ئۆتۈش باسقۇچىدۇر.

مەلۇمكى، مانجۇ - تۇڭگۇس تىلىدا باخشى ( 巫师 پېرىخۇن) «شامان» دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالما كېيىن ئىلىم ساھەسىدىكى خاس ئاتالما بولۇپ قالدى. قەدىمكى تۈركچىدىمۇ مەزكۇر ئاتالما «قام» ياكى «كام» دېيىلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «kamlar kamuɣ arvaxtī» (كاھىنلار ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇشتى.) نى ئىزاھلاپ، باش - كۆزگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۇپكۈچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، دەيدۇ. دېمەك⑯ بۇ يەردە «Kam» نى مەھمۇد قەشقەرى «كاھىن» دەپ ئىزاھلىغان. «كاھىن» ئەمەلىيەتتە «شامان» ياكى «باخشى» دۇر. خەنزۇچە مەنبەلەردە مەزكۇر ئاتالما «甘» دەپ يېزىلغان. ئېنىقكى⑰ خەنزۇلار تۈركچىدىكى «كام» نى ئاھاڭەن تەرجىمە بىلەن قوبۇل قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 71 - بابىدا مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ:

5244. Səningdə turur kɵr bularnīng əmi
otaɣ īl daru birlə bolɣ īl kami ⑱

نەسرىي يەشمىسى:

قارا، بۇلارنىڭ داۋاسى سەندە،

دورا - دەرمان بىلەن داۋالا، تېۋىپ بول.⑲

بۇ يەردىكى «kami» دەل بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «قام» بولۇپ، «پېرىخۇن، باخشى» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىمدۇر. قام، شامان دىنىدا بىردىنبىر كېسەل داۋالىيالايدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، نەسرىي يەشمىدە مەزكۇر سۆزنى «تېۋىپ» دەپ ئالغان. مەزكۇر سۆز بۈگۈنگىچە سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىدا ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.⑳

شامان دىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار (تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش، توتېمىزم) نىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى تاكامۇللىشىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا شۇ ئېتىقادلارنىڭ مۇكەممەل ئىزنالىرى بار. ئەمما بىز يۇقىرىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغىنىمىز ئۈچۈن بۇ سەھىپىمىزدە ئۇ نۇقتىلارغا ئورۇن بەرمەيمىز.

شامان دىنى ئالدى بىلەن تۈرلۈك شەيئىلەردە روھ مەۋجۇت دېگەن ئىپتىدائىي قاراشقا تولۇق ئىشىنىدۇ. مەسىلەن، يولنىڭ يول تەڭرىسىمۇ بولىدۇ، «ئىرق بىتىگ» دىكى ئالائات مىنگەن «يول تەڭرىسى» مانا بۇنىڭ شاھىدى. ئەمدى بۇ قاراش ئەلۋەتتە ئىنسانلاردىمۇ روھ مەۋجۇت دېگەن قاراشنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ: ئادەم ئۆلسىمۇ روھ ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئۇ يەنە بىر غايىبانە دۇنياغا بارىدۇ ھەمدە ئۇ شۇ دۇنيادىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى كۆرەلەيدۇ. كېيىن شامان دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ ئىدىيە تەرەققىي قىلىپ، «ئۈچ روھ» قارىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ قاراشچە بولغاندا، ھەربىر ئادەمدە ئۈچ خىل روھ بولىدۇ: بىرى مەڭگۈلۈك روھ، بۇ روھ مەڭگۈ ئۆلمەس روھتۇر. بۇ ئۆلمەس روھ بولغىنى ئۈچۈن بۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىپ تۇرۇش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئۇ روھنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرۇش زۆرۈر. ئىككىنچى روھ بولسا، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن باشقا ئادەم ۋە ھايۋانلارغا كۆچۈپ كېتىدىغان روھتۇر. ئۈچىنچىسى ۋاقىتلىق ياشايدىغان، يەنى شۇ ئۆلگۈچى بىلەن تەڭلا ياشىيالايدىغان روھتۇر. شامان دىنى مۇشۇ قاراش بىلەن ھاياتنى، ئىنسان بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

شامان دىنى كائىناتنى يەنە ئۈچكە تەقسىم قىلىدۇ:

بىرىنچىسى كۆك (تەڭرى ياكى ئاسمان)، بۇ ئىلاھلار ئالەمىدۇر. ئىككىنچىسى يەر يۈزى، بۇ ئىنسان ۋە ھايۋاناتلار ئالەمىدۇر. ئۈچىنچىسى يەر ئاستى (جەھەننەم) بۇ جىن-شاياتۇن ۋە ئالۋاستىلار ئالەمىدۇر. شامان دىنىدىكى مانا شۇ «ئۈچ» لۈكتىن مۇقەددەس سان «ئۈچ» نى خاسىيەتلىك بىلىش چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان. «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

29-. «ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۆز قارشىسىنى تاللىۋېلىپ، ئەپۇ-ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇدەك، قورقما، ياخشى ئۆتۈن، ئايانماي ياخشى دە، يالۋۇر، دېگۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە ئىلاھىي ئاق ئات «ئۈچ مەۋجۇدات» (üq boluq) تىن ئۆزىنىڭ قارشىسىنى تاللىۋېلىپ، ئاندىن (تەڭرى ئالدىغا) ئەپۇ-ئۆتۈنۈشكە بارىدۇ. ئېنىقكى بۇ يەردىكى «ئۈچ» جەزمەن شامان دىنىدىكى خاسىيەتلىك سان «ئۈچ» تۇر.

ئەجدادلىرىمىز شامان دىنىدا كائىناتنى ئۈچكە تەقسىم قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدۇق. ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان ئېتىقادىدا يەنە كۆك (تەڭرى) يەتتىگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ يەتتە قات كۆك (ئاسمان) يەتتە خىل يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بابىنى كۆرۈڭ). ئاشۇ يەتتە كۆككە يەنە يەر بىلەن يەر ئاستى (جەھەننەم) قوشۇلغاندا، مۇقەددەس سان «توققۇز» نى خاسىيەتلىك بىلىش چۈشەنچىسى كېلىپ چىقىدۇ. ھازىرغىچە خاسىيەتلىك سانلاردىن «ئۈچ»، «توققۇز» لار بىلەن باغلانغان تىل

ئادەتلىرى ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم»، «توققۇزى تەل»، «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ»، «تويغان يەرگە توققۇز تەزىم»، «مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز»، «توققۇز ئۆچكىگە ئوتتۇز تېكە»...... دېگەندەك.

خۇددى «ئۈچ» خاسىيەتلىك سانغا ئوخشاشلا، «ئىرق بىتىگ» دە «توققۇز» خاسىيەتلىك سانىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇنۇ چۈش تەبىرلىرىگە قاراڭ:

76 ـ، 77 ـ. «تۆغ ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ تىك قىل، هورۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇپ بېرىپ، توققۇز قات تەرلىك ياپ، ياخشىلاپ تەرلىسۇن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

92 ـ، 93 ـ. «توققۇز ئارىلىق بۇغا كېيىكمەن، چىرايلىق تىزلىنىپ، مىڭرىغىندەكمەن (ۋارقىرىغۇدەكمەن)، يۇقىرىدا تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

يۇقىرىقى ئىككىلا چۈش تەبىرى خاسىيەتلىك سان «توققۇز» بىلەن باغلانغان. ئالدىنقى چۈش تەبىرىدە، هورۇن ئاتقا خاسىيەتلىك سان بويىچە توققۇز قات تەرلىك ياپقان بىلەنمۇ ئۇنى تەرلىتىش مۇمكىن بولمىغان، نىهايەت، بۇچۈشكە يامانلىق تەرىپىدىن تەبىر بېرىلگەن. ئىككىنچى چۈش تەبىرىدە بولسا، توققۇز ئارىلىق بۇغا كېيىكنىڭ پەريادىنى كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرى ئاڭلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ چۈش تەبىئىي هالدا ياخشىلىقتىن بېشارەت

بېرىدۇ.
شامان دىنى ئېتىقادىدا يەنە، رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرىمۇ بولغانىدى. ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرىدە كۆك رەڭ، ئاق رەڭ، قىزىل رەڭ قاتارلىقلارنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بولغانىدى. كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى كۆك تەڭرىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئاق رەڭ ۋە قىزىل رەڭنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرى كۈن تەڭرىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققاندۇر. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەڭ چۈشەنچىلىرى كەڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مەزكۇر مەسىلىنى قايتا ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمىز.
«ئىرق بىتىگ» دە ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەڭنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەندۇر. مەسىلەن، «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:
98 ـ، 99 ـ. «كۆك بوز توغان قۇشمەن، كۆركەم قىيادا ئولتۇرۇپ (ئەتراپنى) كۆزىتىمەن، ياڭاقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ يايلايمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.»
ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرىدە ئۇلۇغلانغان قۇش كۆك رەڭلىك لاچىن قۇش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.
7 ـ، 8 ـ، 9 ـ. «باتۇر بەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ، ئاق بايتىلى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىققا يارىغۇدەك؟ تۆگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ، ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىققا يارىغۇدەك؟ ئۆيگە كېلىپتۇ، ئۇچىنچى قۇنچۇيى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە

يارىغۇدەك، خۇشال ـ خۇرام بەگ ئەر (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۇ.»

مەزكۇر چۈش تەبىرىدىكى باتۇر بەگكە خۇش ـ خەۋەر بېشارىتىنى بەرگۇچى بايتال بىلەن ھىنگانىنىڭ ئاق رەڭدە بولۇشى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شامان دىنىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلىرىدە ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن بىرگە، قارا رەڭنىمۇ ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرى بولغان ئىدى.[71] مەزكۇر «قارا» گاھىدا ئۇلۇغلۇق مەنىسىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ. «ئىرق بىتىگ» دىكى خېلى كۆپ چۈش تەبىرلىرىدە، قارا رەڭ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

61 ـ. «قارا ـ ئالا ئىنەك موزايلىماقچى بولۇپ، ئۆلىدىغان بولدۇم، دېگۇدەك، قارا ـ ئالا ئەركەك موزاي تۇغۇلغان ئىكەن، قۇربانلىققا يارىغاي، دەپتۇدەك، (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدىكى خاسىيەتلىك ئىنەك ۋە خاسىيەتلىك موزاينىڭ قارا ـ ئالا رەڭدە سۈرەتلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. شامان ئەقىدىسىدە مەزكۇر رەڭلەر يەنە مۇقەددەس تەرەپلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

چۈشلەرگە تەبىر بېرىشنىڭ ئۆزى شامان دىنىنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەر شامان ئېتىقادىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر. شامان دىنى مەيدانغا چىقارغان شامانلار كېسەل داۋالاشقا، كۆكتىكى تەڭرىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىنسانلارغا پالاكەتچىلىك ئېلىپ كەلگۈچى يامان روھلارنى قوغلاشقا، پال سېلىشقا، سېھىر قىلىشقا ۋە چۈشلەرگە تەبىر

بىرىشكە قادىردۇر. ئۇلار بۇ جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز قىممەتلىك يازما يادىكارلىقىمىز بولغان «ئىرق بىتىگ» نى شامان دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە، دەپلا قالماي، بەلكى ئۇنى شامان دىنىنىڭ مەھسۇلى، دەپ ئېيتالايمىز.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەقەت كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئۇزۇن زامان شۇغۇللانغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنىدىلا چۇشلەرگە تەبىر بېرىش بەك روناق تاپقانىدى.[72] ئەمەلىيەتتە، شامان دىنىنىڭ ئاساسي دىنىي پائالىيىتىمۇ تەڭرىگە تىۋىنىپ پال ئېچىش ئىدى.

## 6. شامانىزمدا «كۆزگۈ» (ئەينەك) نىڭ مەدەنىيەت مەنىسى

بىز مەزكۇر سەھىپىدىمۇ شامانىزم ھەققىدە مەخسۇس توختالمايمىز. چۈنكى شامانىزم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سىماسى دەسلەپكى قەدەمدە تەسۋىرلەندى. بىز مەزكۇر سەھىپىدە پەقەتلا كىچىككىنە مەدەنىيەت ھادىسىسى ـ كۆزگۈ (ئەينەك) نىڭ شامانىزم مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئورنى ۋە مەنىسىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھاكىمىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

گەرچە ئالتاي شامانىزمى ھەققىدە ئۇزۇندىن بۇيان مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى تەتقىقات ئىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت ۋە ئىنچىكە ھالقىلىرى ئۇستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش خىزمەتلىرى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەردىن تېخى يىراق بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت تەتقىقات ئۇسۇلىمىز يازما ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئىشلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاساسەن ئىشلەنمەيۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ساھە تەتقىقاتى مۇشۇ ئىزدا كېتىۋەرسە، ھازىرغىچە بىزگە قاراڭغۇ بولۇپ تۇرغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنەلمەيمىز ھەمدە چۈشەندۈرەلمەيمىز.

ئەمدى بىز ئەسلى تېمىمىزغا كېلەيلى. كۆزگۈ (ئەينەك) گەرچە ناھايىتى كىچىك بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ناھايىتى كەڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى بىلەن باغلىنىدۇ.

«ئەينەك» دېگەن ئىسىم پارسچىدىن تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى «كۆزگۈ» دەپ ئاتىلاتتى. پارسچىدىكى «عينك» دېگەن سۆزنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۆزگۈ» دېگەن سۆزنىڭ ياسىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزچە، پارسچىدىكى «عينك» (سۆزنىڭ ئەسلى يىلتىزى ئەرەپچىدىكى «عين» (əyin) سۆزىدۇر. «عين» (مەزكۇر سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلى لېكسىكىلىق مەنىسى «كۆز»، «بۇلاق»، «چەشمە» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەردە «ئەينول ھەيات» دېگەندەك[24] سۆزلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.) دىن

«عينين» (əynan) «عينى» (əyni)، «عينين» (əynəyin — ئىككى كۆز) دېگەندەك بىر قاتار سۆزلەر ياسىلىدۇ. مۇشۇ قاتاردا پارسچىدا يەنە «عينك» سۆزىمۇ ياسالغان. دېمەك، «ئەينەك» دېگەن سۆزنىڭمۇ ئەسلى يىلتىزى «عين» دۇر. ئەمما ئەرەب تىلىدا ئەينەكنى «مرات» (mirat) دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا «ئەينەك» سۆزى بىزگە پارسچىدىن كىرگەن، دەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئەينەك» سۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۆزگۈ» بىلەن ئوخشاش شەكىلدە ياسالغان. دېمەكچىمىزكى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تىلىمىزدا «كۆزگۈ» دېگەن سۆز ئىشلىتىلەتتى. «كۆزگۈ» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرىدا خېلى كۆپ ئىشلىتىلگەن.[75] كۆزگۈ ھازىر ئادەتتىكى بىر تۇرمۇش لازىمەتلىك سايمىنى بولغىنى بىلەن، قەدىمدە، بولۇپمۇ قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيىتىدە زور مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن باغلانغان. قەدىمكى ئالتاي شامانىزمىنىڭ ھازىرقى ئىزنالىرىنى تەتقىق قىلغۇچى تەتقىقاتچىلار دەسلەپتە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر شامانىزمدا «كۆزگۈ» شامان ئىلاھىي خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغانىدى. ھالبۇكى، كېيىنكى تەتقىقاتلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئالتاي شامانىزمىنىڭ ھازىرقى ئىزنالىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگۈچىلەر رايونىمىزنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىكى شامان دىنى ئىزنالىرىنى تەكشۈرگۈندە، بۇ رايوندىكى باخشىلارنىڭمۇ كېسەل داۋالىغاندا ياكى پال سالغاندا كىچىك ئەينەك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەينەك پارچىلىرىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇ جايدىكى باخشىلارنىڭ ئېيتىشىچە، يامان روھلار (جىن ــ ئالۋاستىلار) ئەينەكتىن بەك قورقىدىكەن. ئۇيغۇرلاردا[79] بوشۇكتىكى بوۋاقنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا ئەينەكنى باستۇرۇپ قويىدىغان ئادەت ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بۇ بىزگە شامانىزمدىن قالغان. دېمەك، كۆزگۈ ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى بارلىق شامانىستلار تەرىپىدىن ئورتاق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە شامان قورالى (萨满神具) قىلىنغان. ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە قەدىمكى شامان (قەدىمكى تۈركىي تىلدا «كام»، «كامان» دېيىلىدۇ) لارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار تەڭرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، يەر ئاستىدىكى يامان روھلارنى قوغلىيالايدۇ. بۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى شامانلار كېسەل داۋالىيالايدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى. يەنە بىر تەرەپتىن شامانلار ياخشى روھ (تەڭرى) لارنىڭ ياردىمى بىلەن كەلگۈسىنى بىلەلەيدۇ. بۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى قۇرئەنداز (پالچى) لىق ۋە كاھىنلىق بىلەن خاراكتېرلەندى. شامانىزمنىڭ مەزكۇر پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە، قەدىمدە كۆزگۈ بىر دەك ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە شامان قورالى بولغان. ئالايلى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل ۋە مانجۇ ــ تۇنگۇس ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ شامانىزم قالدۇقلىرىدىمۇ بىر سېھرىي كۈچكە ئىگە كۆزگۈ بولىدۇ. بۇنى موڭغۇل تىلىدا «tol» (تول) دەپ ئاتايدۇ. مانجۇ تىلىدا «Anmuba tol» (ئانمۇبا تول) دەپ ئاتىلىپ، شامانلارنىڭ سېھرىي قورالى بولغان چوڭ مىس ئەينەكنى كۆرسىتىدۇ. داغۇرلاردا «Arken tol» (ئاركېنتول) دەپ

ئېتىلىپ، شامانلارنىڭ سېھرىي چاپىنىنىڭ دۈمبىسىگە بېكىتىلگەن ئەينەك (神衣上的护背镜) نى كۆرسىتىدۇ.[77] دېمەك، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل ۋە مانجۇ - تۇنگۇس ئائىلىسىدە كۆزگۈنى بىردەك «تول» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە شۇ نۇقتىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، كۆزگۈ قەدىمكى ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ نەزەرىدە ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىلاھىي قورال بولۇپ، ئۇ بولسىلا ھەر قانداق يامان ۋە ھىيلىگەر روھ ھەر قانداق پىنھان جايغا يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ. شۇڭا بۇرۇنقى شامانلارنىڭ كۆزگۈسى بولمىسا ئۇلار ھېچ ئىشنى قىلالمايدۇ. كۆزگۈسى بولسا ھەممە نەرسىسى تولغان بولىدۇ. بۇ يەردە ئەسكەرتمەكچى بولغىنىمىز قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «tol»، «tolu»، «tolo» («ھەممە»، «تولۇق»، «مۇكەممەل» دېگەن مەنىلەردە)[78] دېگەن سۆز يىراق قەدىمكى ئالتاي تىلىغا ئورتاق سۆزمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن شامان مەدەنىيىتى مەزمۇنى بارمۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ كۆرۈش كېرەك. ھازىرچە بۇ سۆزنى كەسكىن ھۆكۈملەشكە ئامالسىزمىز. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىك پاكىتلىق تىل ماتېرىياللىرى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار كۆزگۈ قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىدا «kθzgü» ياكى «tol» دېيىلگەن ئەمەس، بەلكى «kagan» دېيىلگەنىدى[79]، دەيدۇ. بىزگە مەلۇمكى، «kagan» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تۈركچە تۇرپان

www.uyghurkitap.com

تېكىستلىرى» نىڭ ھەممىسىدە «kagan» سۆزى كەڭ ئىشلىتىلگەن، مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ مەزكۇر سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ياكى شەكلىدە يېزىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى مەڭگۈ تاشلار دەۋرىدىن تارتىپلا «پادىشاھ» «سۇلتان» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ سۆز كېيىنكى چاغلاردا تىلىمىزدا مەلۇم فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ han<Hakan<hakan<kagan شەكلىگە كەلدى. «كۆزگۈ» دېگەن سۆزمۇ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىلا بارئىدى. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن مەزكۇر سۆز شەكلىدە يېزىلىدۇ. (Kθzgü) باشقا تۈركىي خەلقلەرگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىمۇ يۇقىرىقى ئىككى سۆز ئوخشاشلا ئىشلىتىلگەن. تۈرك يېزىقىدىكى يېزىلىش شەكلىمۇ ئومۇمەن ئوخشايدۇ. ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل، مانجۇ - تۇنگۇس ئائىلىسىدىكى تىللاردىمۇ مەزكۇر سۆز بار. مەسىلەن، موڭغۇل تىلىدا بۇ سۆز «Khan» (كخان) شەكلىگە كەلگەن. مانجۇ تىلىدا ئالدىدىكى «K» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «Han» (خان) شەكلىگە كەلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «Han» (خان) شەكلىگە كەلگەن. قىزىق يېرى شۇكى، تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە بۇ سۆز كورىيە تىلى ۋە ياپون تىللىرىدىمۇ بار ئىكەن. ھازىر خېلى كۆپ تىلشۇناسلار ياپون ۋە كورىيە تىلىنىمۇ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە، دەپ قارىماقتا. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلار بار. لېكىن ياپون ۋە كورە تىللىرىنىڭ ئەمەلىي تىل ئالاھىدىلىكى

ئۇلارنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ. ن. پوپپې ئالتاي تىللىرىنى تۆۋەندىكى سىخېما بويىچە تۇرلەرگە بۆلىدۇ:

خېلى كۆپ تىلشۇناسلار ياپون ۋە كورىيە تىلىنىمۇ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە، دەپ قارىماقتا. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلارمۇ بار. لېكىن ياپون ۋە كورىيە تىللىرىنىڭ ئەمەلىي تىل ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ. ن. پوپپې ئالتاي تىللىرىنى تۆۋەندىكى سىخېما بويىچە تۇرلەرگە بۆلىدۇ:




بۇ سىخېمىدا ناھايىتى ئېنىقكى، ن. پوپپې ياپون

تىلىنى دەسلەپتە ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرگۈزمىگەن، كورېيە تىلىنى كىرگۈزگەن.

بۇ سىخېمىدا ناھايىتى ئېنىقكى، ن. پوپپې ياپون تىلىنى دەسلەپتە ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرگۈزمىگەن، كورېيە تىلىنى كىرگۈزگەن. ئەمما ئۇ يەنە كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا كورېيە تىلى بىلەن ياپون تىلىنى تۇققان تىللار دەپ قارىغان. مەشھۇر ئالتايشۇناس ئالىم رامستېد ئالتاي تىل سىستېمىسىنى مۇنداق ئايرىغان:




ئېنىقكى، رامستېد ياپون تىلىنى ئالتاي تىلىغا تەۋە قىلىغان. رامستېد ھەتتا ياپونىيىنىڭ خوككايدو ئارىلىدىكى ئاينۇس (ئاينۇسلار ياپونىيىدىكى بىردىنبىر ئاز سانلىق

مىللەت بولۇپ، نوپۇسى 30000 غا يېقىن) لارنىمۇ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ياقلىغۇچى تىلشۇناسلارمۇ خېلى كۆپ. ئەمما ھازىر تېخى ئومۇمىي ئالتاي تىلىغا خاس تىل ئېلېمېنتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار يەنىلا ناھايىتى يۈزەكىدۇر. بۇ جەھەتتىكى تىل تەتقىقاتى چوڭقۇرلاشسا، مەدەنىيەت تەتقىقاتىمۇ نۇرغۇن قولايلىق شارائىتلارغا ئېرىشىدۇ.

ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، بىر قىسىم ئالتايشۇناس ئالىملار كورىيە ۋە ياپون تىللىرىنىمۇ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرىگە، يەنى تىل ئائىلىلىرىگە بۆلۈنگەن دەۋرىگە ئائىت ئورتاق مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشنى باشلىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئىزدەنگۈچىلەر كۆزگۈنىڭ ئالتاي مەدەنىيىتىگە خاس ئورتاق نامى kagan (كاگان) دەپ قارايدۇ. بۇ ئاتالما كورىيە ۋە ياپون تىللىرىدىمۇ مەۋجۇت. كورىيە تىلىدا پادىشاھلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «gan» (干) دېگەن ھۆرمەت نامى قوشۇلىدىكەن. پادىشاھ «San kan» ياكى «San gan» دېيىلىدىكەن.㉖ ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشچە كورىيە تىلىدىكى «gan» ياكى «kan» «kagan» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن سۆز ئىكەن. يەنە كېلىپ مەزكۇر سۆزنىڭ قەدىمكى كورىيە تىلىدا «كۆزگۈ» دېگەن مەنىسى بار ئىكەن. ھازىرقى زامان ياپون تىلىدا ئەينەكنى «Kagami» (ガガズ) دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، «ハドハのガガズワず» (كىشى كىشىگە ئەينەك). ياپون تىلىدىكى «Kagami» نى تەتقىقاتچىلار بەك

قەدىمىي سۆز، دەپ قارايدۇ. ياپونلاردا ئاۋام ئوردىنى «Okami» (ゼガみ) دەيدۇ. مەزكۇر سۆزمۇ «Kagami» دىن ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن، دېيىلىدۇ.

شامانىزمنىڭ تەسىرى بىلەن قەدىمكى خەنزۇلاردا كۆزگۈ بىر خىل ئالاھىدە ئوبرازغا ئىگە سايمان، دەپ قارالغان. بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا 监 (jian) دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئورنىنى (镜) خېتى ئىگىلىگەن؟ شۇڭا قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى كۆزگۈنى بىلدۈرىدىغان 监 سۆزىدىن كېيىنكى چاغلاردا 监长 (مۇپەتتىش)، 监军使 (ھەربىي نازىر بەگ)، 监国都元帅 (باش ئەمىرلەشكەر)، 监国 (نائىپ بەگ)، 监督 (نازارەتچى)، 监察御使 (مۇپەتتىش بېگى) قاتارلىق نۇرغۇن سۆزلەر ياسالغان. بۇ يەردە كۆزگۈنى بىلدۈرىدىغان 监 دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان مەنىگە ئىگە بولغانلىقى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى «g» تاۋۇشى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا، مەلۇم ئەھۋالدا «J» غا ئۆزگىرىدىغان خۇسۇسىيەتمۇ بار. بۇ ئەھۋال جەنۇبىي جۇڭگودىكى بەزى دىئالېكتلاردا ساقلىنىپ قالغان.

رايونىمىزدىن تېپىلغان مول ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىي بويۇملار ئىچىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ كۆركەم كۆزگۈلەر بار. مەسىلەن، 1987 - يىلى رايونىمىزنىڭ خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 800 يىلىنىڭ ئالدىغا تەۋە بولغان يۇمىلاق شەكىللىك مىس كۆزگۈ تېپىلدى. بۇ كۆزگۈنىڭ ياسىلىشى

ئىنتايىن سەنئەتلىك بولۇپ، كەينى تەرىپىگە ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئىككى بۆرىنىڭ يوملاق شەكلىدىكى كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. ㊽بىزنىڭ قىياسىمىزچە بۇ كۆزگۈ ئادەتتىكى كۆزگۈ بولماي، بەلكى شامانىزمنىڭ خىسلەتلىك قورالى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق كۆزگۈلەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن قويۇق شامانىزم پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. رايونىمىزدىن تېپىلغان شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىق دەپ قارىلىۋاتقان قوياش شەكىللىك مىس كۆزگۈنىڭ كەينى㊾ تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن سەنئەتمۇ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى دەلىللەشكە پاكىت بولىدۇ.

ئالتاي مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەھلىلىچە كۆزگۈ قەدىمكى ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ نەزەرىدە قوياش ئىلاھىغا تەققاسلانغان ئىكەن. ㊿ شۇڭا يامان روھلار كۆزگۈدىن قورقىدىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ كۆزگۈ ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان. شامانىزمنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تەركىبى قىسمى بولغان پالچىلىق (چۈشلەرگە تەبىر بېرىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن. دەل مۇشۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك يازما يادىكارلىقىمىز «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق بىر چۈش تەبىرى بار:

«ئۇزۇن تونلۇق (ئايال) كۆزگۈسىنى كۆلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى ىىغلىغۇدەك، كېچىسى ھۆكۈرىگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، مۇڭلۇق ئۇ، بۇ ئىنتىق يامانلىق.»

بۇ تەبىردە كۆزگۈسىنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ يامانلىقتىن بېشارەت بېرىدىغانلىق مەسىلىسى، يۇقىرىقى مەنىۋى ئاساس بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ

تۇرىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمەي ۋە چۈشەندۈرەلمەي كەلگەن ئىدۇق. يۇقىرىقى قاراشلار بويىچە بولغاندا، كىلاسسىكلىرىمىزدا ئۇچرايدىغان بۇنداق كۆزگۈنىڭ مۇئەييەن شامانىزملىق مەنىسى بار بولغان بولىدۇ.

قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىدا «Kagan» دېگەن سۆز راستلا كۆزگۈنى بىلدۈرەمدۇ، كورىيە - ياپون تىللىرى ئائىلىسىدە ساقلىنىپ قالغان «Kagan» ياكى «Kagami» ھەقىقەتەن ئورتاق ئالتاي تىلىغا خاس سۆزمۇ، دېگەن مەسىلىلەرگە بىزمۇ ھازىرچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالمىدۇق. بۇ مەسىلىلەر ئالتايشۇناسلىقنىڭ كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتلىرىغا باغلىق. ئەمما بۇ يەردە شۇ نۇقتا ئېنىقكى، كۆزگۈ شامانىزمدا قۇياش ئىلاھىنىڭ سىمۋولى بولۇش بىلەن بىللە ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە شامان قورالى بولغان. بۇ نۇقتا يەنە بىزگە، قەدىمكى ئالتايلىقلارنىڭ كۆزگۈنى ئىشلىتىش تارىخىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەر بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە بارلىق خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى «Kagan» تۇرىدىكى سۆزنىڭ بىر مەنبەداش ئىكەنلىكى قەدىمكى تىللار تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق تەسۋىرلەنسە، بىزنىڭ مەزكۇر مەدەنىيەت نۇقتىسىغا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ ئەتراپلىق بولىدۇ.

## 7. ئوقيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۆزگىچە مەنىسى

جاھالەت دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ئېنگېلىستىن ئىلگىرىلا سوتسىئولوگلار ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان قاراش ئىدى. جاھالەت دەۋرى دېگەن ئۇقۇمنى بولسا، مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم تىلغا ئالغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس يالدامىلىرى بولغان قىيا تاش سىزمىلىرىدىن تاكى بۇددا مىڭئۆيلىرى تام رەسىملىرىگىچە، ئەپسانە دەۋرىدىن يازما ئەدەبىيات دەۋرىگىچە ئوقيانىڭ ئوبرازى يارقىن گەۋدىلىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئوقيا ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئوقيا جاھالەت دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ئىلغار قورال بولغاچقا، ئۇ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى قەدىمكىلەرنىڭ قەلبىدە بەلگىلىك مۇقەددەس ئىلاھىي تىمسالغا ئىگە بولغان.

مەدەنىيەت تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، پەقەت ئوقنى ياساش ئۇچۇنلا نەچچە مىڭ يىل ۋاقىت كەتكەن. دەسلەپتە يا ئىختىرا قىلىنغان بولۇپ، ياغا سېلىپ ئاتىدىغان نەرسە ئوق بولماي، بەلكى ئەزەلدىن بار بولغان نەيزە ئىدى. شۇڭا دەسلەپتە يا ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئىنتايىن چوڭ ياسىلاتتى.

مەشھۇر ئەپسانە سېلىشتۇرماشۇناس يوسىف كامبېل

(Joseph Cambell) نىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئىپتىدائىي قەۋملەر ئوقنى قۇياش نۇرىغا تەققاسلىغان. بۇ ئىپتىدائىي قاراش، ھەتتا ئەپسانىلەر بارلىققا كەلگەن دەۋرلەردىنمۇ قەدىمىيدۇر. ئۇۋچىلىق دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدە قۇياش ئۇلۇغ ئۇۋچى بولغان، قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ قۇياش ئىلاھى ئاپوللو، بابىلونىنىڭ قۇياش ئىلاھى ماردۇك ۋە ھومېرنىڭ «ئىلىيادا» داستانىدىكى قۇياش ئىلاھلىرى ئەنە شۇنداقتۇر. دېمەك، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، چۇغاي تاغلىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنىڭ ئىچىدىكى ئوقيا تۇتۇپ تۇرغان ئادەم ئوبرازلىرى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز كۆرۈنۈشلەر ئەمەس.⊛

بىزنىڭ قىممەتلىك قەدىمكى ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق بايانلار بار: «. . . . . ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك، ئوغۇز خاقانىنىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق قېرى بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغانىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۈچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئويقۇدىن كېيىن، ئۇ چۈشىگە كەچكەنلىرىنى ئوغۇزخاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى: ئەي خاقانىم . . . . . كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت، . . »⊛

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئوغۇزنامە» نىڭ كېيىنكى ۋارىيانتىدا بۇ

تەپسىلات مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «. . . ئوغۇزخان شام ۋىلايىتىدە تۇرغاندا بىر نۆكىرىگە يوشۇرۇنچە بىر ئالتۇن يا ۋە ئۈچ ئوقنى بەردى. دېدىكى، يانى كۆن چىقىشتىكى بىر چۆلدە ئىنسان ئايىغى يەتمەس يەرگە تۇپراققا بىر ئۈچىنى چىقىرىپ كۆمۈپ قويغىن ۋە ئوقلارنى كۆن پېتىش تەرەپكە ئەپكېلىپ يانى قانداق قويغان بولساڭ ئوقنى شۇنداق قويغىن. . . بىر يىلدىن كېيىن ئوغۇزخان ئۈچ چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ كېلىپ كۆن چىقىش تەرەپكە، ئۈچ كىچىك ئوغلىنى چاقىرىپ كۆن پېتىش تەرەپكە ئۇۋۇغا ئەۋەتتى. . . بىر نەچچە كۆن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ چوڭ ئوغلى ئالتۇن يانى، ئۈچ كىچىك ئوغلى ئۈچ كۆمۈش ئوقنى ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. . . »[90]

«ئوغۇزنامە» دىكى بۇ بايانلار ئوقيانىڭ قانداقتۇر ئادەتتىكى بىر ئوۋ قورالىلا بولۇپ قالماي، يەنە ئۆزگىچە بىر مەنىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. نېمە ئۈچۈن ئوغۇزخاننىڭ زېمىنىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ تال كۆمۈش ئوققا باغلىنىدۇ؟ كۆك تەڭرى بېشارەت تەرىقىسىدە ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن ئوقيانى كۆرسىتىدۇ؟ چۈنكى ئوقيا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىلىرىدە ئىلاھىي تۇسكە، يەنى كۆن تەڭرى سىمۋولىغا ئىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئوغۇزنامە» دىكى ئوقيا ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان ئېتىقادى قاراشلىرىدىكى قۇياش (كۆن) ئىلاھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر، «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلى ۋە ئۈچ كىچىك ئوغلى، شۇنداقلا ئۈچ تال كۆمۈش ئوقى شامان دىنىدىكى مۇقەددەس ئىلاھ كۆن

تەگىرىدۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقيا بىزنىڭ قەدىمكى ئېپوسىمىزدا پەۋقۇلئاددە سەھنىدە تىلغا ئېلىنىپ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئوقيا ھامان ياخشىلىق تىمىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقىمىز «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق بىر چۈش تەبىرى بار:

40 — «باتۇر بالا تازا يارامىلىق ئوقياسىنىڭ ئوقىنى تىك يارنىڭ دوقمۇشىغا ئۇرۇپ، كېتىپ بارغۇدەك، شۇنداق باتۇردەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوقيا ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

دېمەك، ئوقيا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگىچە بىر مەنىنى، يەنى قۇياش (كۈن) ئىلاھىنىڭ تىمسالى مەنىسىنى بېرىدۇ.

ئىزاھلار:

① جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىنلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1989 — يىلى نەشر قىلىنغان «دىنشۇناسلىق ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان» ناملىق كىتاب، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 352 — بەت.

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 — يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2 — بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 1 — بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ بەت.

⑤ «يىپەك يولى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ.

⑥ ماركس ـ ئېنگېلس: «دىن توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 109 ـ بەت.

⑦ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا تىللىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دىنشۇناسلىق ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان» ناملىق كىتاب، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 353 ـ بەت.

⑧ ئىبراھىم كافەسوگلو: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، 1980 ـ يىل ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 9 ـ بەت.

⑨ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 81 ـ بەت.

⑩ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 ~ 48 ـ بەتلەر.

⑪ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، 110 ـ جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 402 ـ بەت.

⑫ «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1991 ـ يىل 3 ـ سان، 48 ـ بەت.

⑬ قوزۇقلارنىڭ قور سانى ھەققىدە ئىككى خىل مەلۇمات بار: «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3 ـ بەتلىرىدە بۇ قوزۇقلار يەتتە قۇر دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابنىڭ 47 ـ بېتىدە بۇ قوزۇقلار ئالتە قۇر دېيىلگەن. بىز بۇ يەردە ئالدىنقى كىتابتىكى مەلۇماتنى ئېلىپ تۇردۇق.

⑭ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 ـ بەت.

⑮ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، يۇقىرىقى بەت.

⑰ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 453 ـ بەت.

⑱ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، (79 ـ) بەت.

⑲ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 455 ـ بەت.

⑳ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، 110 ـ جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 411 ـ بەت.

㉑ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر

قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 5 - بەت.

㉒ ئا. ۋ. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھاياتى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 42 - بەت.

㉓ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 455 - بەت.

㉔ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 - يىل نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 4 - بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 6 - بەت.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 6 - بەت.

㉗ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، 110 - جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 402 - بەت.

㉘ «فولكلورشۇناسلىق» (ياپونىيە)، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 159 - بەت.

㉙ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» (دىن قىسمى)، خەنزۇچە، 404 - بەت.

㉚ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىنلىرى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى نەشر قىلىنغان «دىنشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتاب، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

338 ـ بەت.
㉛ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1981 ـ يىل 4 ـ سان، 59 ـ، 60 ـ بەتلەر.
㉜ «دىنىي بىلىملەر خەزىنىسى»، جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 609 ـ بەت.
㉝ «دىنلار لۇغىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 661 ـ بەت.
㉞ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» (دىن قىسمى)، خەنزۇچە، 23 ـ بەت.
㉟ ئىبراھىم كافەسوگلو: «قەدىمكى تۈرك دىنى» 1980 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 9 ـ بەت.
㊱ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1986 ـ يىل 2 ـ سان، 82 ـ بەت.
㊲ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 46 ـ بەت.
㊳ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 462 ـ بەت.
㊴ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.
㊵ ئىسابېللا خالۋاتىنىڭ: «مىراس» ژۇرنىلى 1994 ـ يىل 4 ـ سانىدىكى ماقالىسىدا لوھەيىم كايسارنىڭ «كاسار ھاكىمىيىتى بىلەن قارچىغا ـ لاچىن ھەققىدىكى رىۋايەتلەر»

دىن ئالغان نەقلى.

㊶ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 249، 250 - بەتلەر.

㊷ «ئوكيانۇس» (خەنزۇچە ئىخچاملانما نۇسخا)، شاڭخەي ئوكيانۇس نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، 2031 - بەت.

㊸ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تەراكىمە»، مۇھەررەم ئېركىن نەشرگە تەييارلىغان، تۈركچە نەشر نۇسخىسى، 48 ~ 52 - بەت.

㊹ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 151 - بەت.

㊺ س. گ. كلياشتورنىي: «تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 60 - بەت.

㊻ ئەزىز نارىنبايېۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى»، كوممۇنىزم تۇغى، 1991 - يىل 1- فېۋرال سانى.

㊼ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 465 -، 466 - بەتلەر.

㊽ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 - بەت.

㊾ «شىنجاڭ ياشلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1995 - يىل 7 - سان، 47 - بەت.

(50) ئىبراھىم كافەسوگلو: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، 1980 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 11 ـ بەت.

(51) ئا. ۋ. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھاياتى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 42 ـ بەت.

(52) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بەت.

(53) «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1993 ـ يىل 3 ـ سان، 35 ـ بەت.

(54) ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 ـ بەت.

(55) «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 ـ بەت.

(56) «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، ئابدۇكېرىم راخمان تەرىپىدىن توپلانغان، 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان توپلام، 24 ـ بەت.

(57) «قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددا ھېكايەتلىرى رەسىملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 138 ـ بەت.

(58) ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 ـ بەت.

(59) يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ، 23 ـ بەتلەر.

(60) «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1994 - يىل 5 - سان، 22 -، 23 - بەتلەر.

(61) «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1994 - يىل 3 - سان، 10 - 11 - بەتلەر.

(62) ئىسابىللا خالۋاتىنىڭ «مىراس» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 4 - ساندىكى ماقالىسى.

(63) «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1993 - يىل 3 - سان، 31 - بەت.

(64) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 466 - بەت.

(65) گ. ئا. پۇگچېنكوۋا، ل. ئى. لىموۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، شىنجاڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى 1994 - يىل خەنزۇچە نەشرى، قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ 26 - بېتى.

(66) مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 315 - بەت.

(67) «يايلاقتىكى يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى 1994 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 265 - بەت.

(68) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشر نۇسخىسى، 1078- بەت.

(69) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇدتادغۇبىلىك» (نەسرىي يەشمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىل ئۇيغۇرچە

نەشرى، 747 ـ بەت.

(70) «يايلاقتىكى يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 265 ـ بەت.

(71) يۇقىرىقى كىتاب، 275 ـ بەت.

(72) «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاتلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ بەت.

(73) يۇقىرىقى كىتاب، 186 ـ بەت.

(74) «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 548 ـ بەت. «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1647 ـ بەت.

(75) ئا. جافېروگلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى لۇغىتى»، 1968 ـ يىل ئىستانبول تۈركچە نەشرى، 161 ـ بەت.

(76) شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلغان «ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە، 5 ـ بەت.

(77) «دىن بىلىملىرى خەزىنىسى»، جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 617 ـ بەت.

(78) ئا. جافېروگلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى لۇغىتى»، 1968 ـ يىل ئىستانبول تۈركچە نەشرى، 245 ـ بەت.

⑦⑨ «شامان دىنى تەتقىقاتى» ، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 291 ـ بەت.
⑧⑩ Kagan سۆزىدىكى «g» تاۋۇشى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇش، شۇڭا ئۇنى خەلقئارا ترانسكرىپسىيىدە «كا» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەن بۇ يەردە ئادەتتىكى «g» دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە «-» بەلگىسىنى قويدۇم.
⑧① «تۈركىي تىل ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1996 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ ، 61 ـ بەتلەر.
⑧② «گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ 70 ياشلىق خاتىرىسى ئۈچۈن ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 172 ـ ، 173 ـ بەتلەر.
⑧③ «شامان دىنى تەتقىقاتى» ، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 292 ـ بەت.
⑧④ «قىسقىچە قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى» ، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى، 294 ـ بەت.
⑧⑤ «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە گۆھەرلىرى» ، شائخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 246 ـ بەت.
⑧⑥ «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» ، ئۇيغۇرچە، 1992 ـ يىل 3 ـ سان، 12 ـ بەت.
⑧⑦ «شامان دىنى تەتقىقاتى» ، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 291 ـ بەت.
⑧⑧ «قىياتاش سىزمىلىرى ۋە نەسىل قالدۇرۇش

سېھرى»، شىـــــنجاڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 103 - بەت.

⑧⑨ «يىپەك يولى قىياتاش سىزمىلىرى سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - ماقالە.

⑨⓪ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 58 - 59 - بەتلەر.

⑨① «شەجەرەئى تەراكىمە» نىڭ تۈركچە نەشرىگە قاراڭ.

ئۈچىنچى باب

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى باشقا دىنلار ۋە «ئىرق بىتىگ»

## 1. «ئىرق بىتىگ» دە زاردۇشتىزمنىڭ تەسىرى بارمۇ؟

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، زاردۇشتىزم (ئاتەشپەرەسلىك) نىڭ ئىجادچىسى قەدىمكى پارسلاردىن چىققان زوروئاستېر (Zoroaster، زەردۇشتە) بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدا ئۇنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە ياشىغان، دەپ قەيت قىلىدۇ.

زورو ئاستېر (زەردۇشت) 30 يېشىدا ئاتەشپەرەسلىك (زورو ئاستېر دىنى ياكى زەردۇشت دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئىجات قىلىدۇ. 12 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەدىمكى باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ خانى ۋىستاپپا (Vishtappa) بىلەن ئۇنىڭ خانىشى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دىن پېرسىيىدە راۋاج تاپىدۇ. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە بۇ دىن پېرسىيە ساسانىيلارخانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىدۇ. مىلادىيە 625 ـ يىلى ساسانىيلار خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسلى بۇ دىن ئىجاد قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەن. كېيىن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ

ئەسىردە) شىنجاڭغا كىرگەن،① ساسانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان. مىلادىيە 6 - ئەسىردە جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن. تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار شامانىزم ئېتىقادىدىن كېيىنلا، ئاتەشپەرەسلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. تەبىئەت ئىلاھچىلىق ئېتىقادىنى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش بىلەن بىللە، ئوتقىمۇ چوقۇنىدىغان زورو ئاستىر دىنىنى قوبۇل قىلىش ئانچە تاسادىپىيلىق تۇيۇلمىسا كېرەك.

زورو ئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا (Avesta) دا خۇدالار ئىككى بولىدۇ: بىرى، ئىنسانىيەتكە بەخت ئېلىپ كەلگۈچى، يەنى «ئوت، نۇر (يورۇقلۇق)، پاكىزلىق، ئىختىرا ۋە ھاياتلىق» ئېلىپ كەلگۈچى، جىمى ياخشىلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى بۈيۈك خۇدا ئاخۇرامازدادۇر. يەنە بىرى بولسا، ئىنسانىيەتكە «زۇلمەت، چىركىنلىك، يوقىتىش، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئۆلۈم» ئېلىپ كەلگۈچى، جىمى سەلبىي تۇسلەر بىلەن ئوبرازلاشقان، قاباھەت خۇداسى ئاخۇرامانىدۇر. ئاخۇرامازدا ئەقىل - پاراسەت خۇداسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا رەھنەمادۇر. ئۇ يەنە ھەر ۋاقىت ئاخۇرامان بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر مۇقەددەس سىمۋولى «ئوت» بولۇپ، ئوت يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىدۇ، يورۇقلۇق بىلەن تەڭ ياخشىلىقمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. . ئوتنى ئۇلۇغلاش، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق قەدىمىي

دۇنيا قارىشىدا خېلى روشەن ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇنىڭ مەلۇم ساقىندىلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن، تۇرپاننىڭ خېلى كۆپلىگەن يېزىلىرىدا، تويدا قىزنى كۆچۈرۇپ، يىگىتنىڭ ئىشكى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، گۈلخاندىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، يېڭى كېلىنچەك (تويى بولغان قىز) بىلەن بىرگە كەلگەن بارلىق (يامانلىق)، (قارانىيەت) نىڭ ھەممىسى گۈلخاننىڭ ئۇ تەرىپىدە قېلىپ، يېڭى ئۆيگە كىرەلمەسمىش. ئۆچەي دەپ قالغان ئوتقا ياكى كۈلگە تەرەت قىلسا، زىيانداشلار قۇتراپ كېتەرمىش. ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگەن چۆچەكتە، چىن تۆمۈر ئۆز سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق توغرىسىدا ئالاھىدە تاپىلايدۇ. ئەمما، مەختۇمسۇلا ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويغانلىقتىن، يەتتە باشلىق يالماۋۇز قىزغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. رايونىمىزدىن تېپىلغان بەزى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردا نۇرغۇن مەشئەل ئىزلىرى بايقالدى. بۇ ئىزلارنى بىز تەبىئىي رەۋىشتە زاردۇشتىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغاندۇق. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرقى بەزى تەتقىقاتلاردا، زەردۇشت دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئىلگىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوتنى ئۇلۇغلاش بولغان، دېگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دە زاردۇشىزمنىڭ تەسىرى بارمۇ؟ بۇ مەسىلىگە بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى، «ئىرق بىتىگ» دە زاردۇشىزم تەسىرى ئەكس ئەتمەيدۇ. پەقەت «ئىرق بىتىگ»

دىكى بىرلا چۈش تەبىرىدە «ئوت» تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما مەزكۇر ئوت زاردۇشتىزمدىكى ئىلاھىي ئوتقا ئوخشىمايدۇ. تۆۋەندىكى چۈش تەبىرىگە قاراڭ:

14 ـ. «چوڭ ئۆي (گە) ئوت كېتىپتۇ، ئۆلىمۇ، ئۆگزىسىمۇ قالماپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!»

بىز ئىلگىرى بۇ چۈش تەبىرىدىكى «ئوت» ئىلاھىي ئوت بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىلاھىي ئوتنىڭ غەزىپىدىن ئۆيى كۆيۈپ تۈگەپ چۈش كۆرگەن بولسا، چۈشكۈچىگە يامانلىقتىن بېشارەت كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپمۇ پەرەز قىلىشقانىدۇق. ئەمما كېيىنكى بەزى تەكشۈرۈشلىرىمىزدىن قارىغاندا، مەزكۇر «ئوت» ئاخۇرامازدا بىلەن ئالاقىسىز بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەت قاراشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چۈش تەبىرلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. قىسقىسى، بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، «ئىرق بىتىگ» دە زاردۇشتىزمنىڭ تەسىرى يوق.

## 2. مانى دىنى ۋە «ئىرق بىتىگ»

مانى دىنى ئۇنىڭ ئىجادچىسى بولغان مانى (مىلادىيە 215 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 276 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دىنىدۇر. مانى جەنۇبىي بابىلوندا پادىشاھ جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئاتىسى پاتىق ئىسىملىك خرىستىيان مۇرىتى ئىدى. مانى 25 يېشىدا زاردۇشتىزم، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى يەكۈنلەش

ئاساسىدا «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» ئىلاھىي قارشىنى بۇرۇنقى زاردۇشىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەللەرەك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، پۈتۈن دۇنيادا ياخشىلىق خۇداسى (يورۇقلۇق، نۇر خۇداسى) ۋە يامانلىق خۇداسى (قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت خۇداسى) مەۋجۇت دېگەننى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭچە، دۇنيانى ئەسلىدە ياخشىلىق خۇداسى ناھايىتى گۈزەل ياراتقان، لېكىن، يامانلىق خۇداسى ئۇنى چىرىتكەن.

بۇ دىنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى تېز لا قەدىمكى ئىران، شام قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. مانى ئۆز دىنىنى تارقىتىش ۋە ساياھەت ئىشلىرى بىلەن پارس پايتەختىگە، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا كەلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىملىرىغىمۇ كەلگەن. ئۇ مىلادىيە 242 - يىلى ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان.[2] شۇنداق بولغاندا، مانى دىنى مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا، قەدىمكى غەربىي رايونلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولىدۇ. ھازىر مانى دىنى تەخمىنەن مىلادىيە 6 - ئەسىرلەردە رايونىمىزدا تارقالغان، دەپ قارالماقتا. بەزى ئالىملار مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كىرىش تارىخىنى بۆكۈ قاغان بىلەن باغلاپ، ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى مىلادىيە 763 - يىلى قوبۇل قىلغان، دەيدۇ.[3] يەنە بەزى ئالىملار ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا مانى مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن، دەيدۇ.[4]

ئالىم س. گ. كلياشتورنىي، شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى تەس دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان، 8 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

بولغان مەزگىل ئارىلىقىدا يېزىلغان «تەس مەڭگۇ تېشى» نى تەتقىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۆكۈ قاغان 763 ـ يىلى مانى دىنىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتىدۇ. يېڭى دىنىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشتە، لوياڭ ۋە چاڭئەندىن كەلتۈرۈلگەن سوغد روھانىيلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ تۈركىي مانى جامائەلىرى ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدۇ.»⑤

ئۇنىڭ بۇ يەكۈنى، بۆكۈ قاغان مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشتىن كۆپ ئىلگىرىلا، شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ (غەربىي ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مانىزمدا خېلى بىر باسقۇچقا يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مانى دىنىدا يورۇقلۇق ۋە زۇلمەت ئىلاھلىرىدا پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا باغلايدۇ. ئۇنىڭچە، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلغان هالدا، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، يورۇقلۇق (نۇر) ئىلاھى هامان زۇلمەت خۇداسى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. چۈنكى، يورۇقلۇق خۇداسى سۆيگۈ، ئىشەنچ، ئېتىقاد، ئالىيجانابلىق، ئەقىل ـ پاراسەت، باتۇرلۇق قاتارلىق ئىجابىي خىسلەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر. «ئىرق بىتىگ» دە يۇقىرىقى بابلاردا بىز دەپ ئۆتكەن، يورۇقلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خېلى كۆپ چۈش تەبىرلىرى مانى دىنى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىكى قۇياش تەڭرىنى ۋە يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش قارىشىرىنى مانى دىنىمۇ ئوخشاشلا قوۋۋەتلەيدۇ. «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

27 ـ، 28 ـ. «كىگىز ئۆينىڭ ئىچى قانداق ـ ئۇ؟ تۈڭلۈكى قانداق ـ ئۇ؟ دەرىزىسى قانداق كۆرۈملۈك ـ ئۇ! ئۈگزىسى قانداق ـ ئۇ؟ ئارغامچىسى قانداق ـ ئۇ؟ ئۇلار باغلاۋاتقۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە ئۆينىڭ دەرىزىسى بىلەن تۈڭلۈكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەلۋەتتە يورۇقلۇققا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىزگە مەلۇمكى، مانى دىنىنىڭ «ئون پەرھىزى» ئىچىدە، ئوغرىلىق قىلماسلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئەگەر ئوغرىلىق قىلغان ئادەم بولسا، ئۇ يورۇقلۇق ئىلاھىنىڭ بەركىتىگە، رەھمىتىگە قايىل بولمىغان ھېسابلىنىپ، ئۇ مەڭگۈ مانى مۇرىتى بولالمايدۇ. «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرىگە قاراپ باقايلى:

23 ـ، 24 ـ. «ئېچىرقىغان ئات ئۆزى سەمىرىگەن يەرنى كۆرۈپ (شۇ يەرگە) يۈگۈرۈپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ئوغرى ئۇچراپ، تۇتۇۋېلىپ مىنىۋاپتۇ. (بۇ ئات) يايلىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە يېغىر بولۇپ، يۈرەلمەي تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

دېمەك، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۇچۇن قانات بولغان ئاتقا مانى دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى «ئوغرى» نىڭ قولى تېگىپ، ئۇنى نابۇت قىلغان. بۇ ئەلۋەتتە، يامانلىق بېشارىتى بولىدۇ.

بۇ چۈش تەبىرلىرىدە، مانى دىنىنىڭ مۇئەييەن تەسىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 3. «ئىرق بىتىگ» دە نېستورىئان دىنىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى

نېستورىئان دىنى خرىستىئان دىنىنىڭ چوڭراق مەزھەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، نۇرغۇن كىتابلاردا ئۇنى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) جۇڭگوغا كىرىشكە باشلىغان، دېيىلگەن. مەزكۇر دىن ئۇيغۇرلار بىلەن سەل بۇرۇنراق ئۇچراشقانلىقى مەلۇم. بۇ دىن تەخمىنەن مىلادىيە 6 - ئەسىردە رايونىمىزغا تارقالغان دەپ قارالماقتا. بۇ دىن گەرچە بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلاردەك ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك مۇستەھكەم ئاساسىنى تىكلىيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم دائىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئۆز ئىزناسىنى سالماي قالمىدى. بولۇپمۇ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. مەزكۇر دىنغا ئائىت بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار خېلى بار.[8]

نېستورىئان مەزھىپى سۈرىيىلىك نېستورىئوس (مىلادىيە 380 - يىلىدىن 450 - يىلىغىچە ياشىغان) تەرىپىدىن 5 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «خرىستوسنىڭ ئىككى خىل ماھىيىتى ۋە ئىككى خىل مەنبە توغرىسىدىكى تەلىمات» ى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. نېستورىئاننىڭ ئەسلى خرىستىئان دىنى بىلەن ئوخشاش فاراشا ئىگە تەرەپلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، خرىستىئان دىنى بىلەن ئۇنىڭ بىر

مەزھىبى بولغان نېستورىئان دىنىدا ئوخشاشلا ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ، «ئىنجىل» نىڭ بەشىنچى بابىدا ئۆزئارا كۆيۈنۈشنىڭ ئۇلۇغلۇقى، خاسىيىتى توغرىسىدا ئالاھىدە ھېكايە قىلىنىدۇ. ⑦بىز «ئىنجىل» نى بىر قۇر ئۆگەنگەندىن كېيىن، «ئىرق بىتىگ» دىكى بەزى چۈش تەبىرلىرىدە نېستورىئان دىنىنىڭ مەلۇم ئالامەتلىرى باردەك ھېس قىلدۇق. مەسىلەن، بىز مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرەيلى:

2 _، 3 _. «ئالا ئاتلىق يول تەڭرىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن)، ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن، ئوتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى. ئادەم قورققان ئىدى. قورقما، قۇت، بەخت بەرگەيمەن، دەپتۇدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

ئېنىقكى، چۈشكۆچى چۈشىدە گويا قولىدىن ھەممە ياخشىلىق كېلىدىغان بىر رەھىمدىل تەقدىر ئىلاھىغا ئايلىنىپ، مىسكىنلەرگە قۇت بېرىمەن دەپ ئۇلارنى قورقۇنچتىن، ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇپ چۈش كۆرسە، بۇ شەكسىز ياخشىلىقنىڭ (ساۋابنىڭ) بېشارىتى بولىدۇ.

## 4. بۇددىزملىق قاراشلار ۋە «ئىرق بىتىگ»

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 _ ئەسىردە قەدىمكى ھىندىستاندا گائۇتاما سىدھارتا (Gautama siddhartha) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. «ساكيامۇنى» ئۇنىڭ بۇددىزم مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ئاتالغان ھۆرمەت نامى، ماڭ ونامە (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نوملاردا گائۇتامى دەپ يېزىلغان) ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسلى ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (ھىنايانا مەزھىپىنىڭ «ھەممىدە مەۋجۇت تەلىماتى») مەزھىپى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 80 ـ يىلى، ئالدى بىلەن كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كىرگەن. مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ماھايانا مەزھىپى كۇشان خانلىقى دائىرىسىدە راۋاج تاپقاندىن كېيىن، «يىپەك يولى» ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆپ خىل دىنىنىڭ ئۇچرىشىدىغان دىدارگاھىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇرخانچىلىقتا خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. مەشھۇر تارىخچى بەھائىددىن ئۆگەل بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل تىللارنى بىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ كېلىپ، «ئۇيغۇرلار بۇددا تەلىماتلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى خەنزۇلاردىن چوڭقۇر ھەم ياخشى بىلەتتى، چۈنكى خەنزۇلار پەقەتلا ئۆز تىلىنى بىلەتتى، ئۇيغۇرلا بولسا بۇددا دىنىنىڭ ئانا كىتابلىرىنى سانسكرىتچىدىنمۇ بىۋاسىتە ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى» دەيدۇ. شۇڭا،⑧ بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىغا قارىساق، بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن ئۇيغۇر بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بايقىمىقىمىز ناھايىتى ئاسانغا چۈشىدۇ، شۇ قاتاردا بىز «ئىرق بىتىگ» كە نەزەر ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدىمۇ نۇرغۇنلىغان بۇددا قاراشلىرىنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بايقايمىز:

12 ـ، 13 ـ. «ئالتۇن باشلىق يىلانمەن. ئالتۇن قورسىقىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ، بەدىنىمنى يول ياقىسىغا، بېشىمنى ئۆينىڭ تېشىغا تاشلاپ قويۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى،

بۇ يامانلىق.»

مەلۇمكى، بۇددا دىنىنىڭ 10 پەرھىزىنىڭ بىرىنچىسىدە جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك تەكىتلەنگەن. ئۇنىڭچە، ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئۆزى ئازاب ئىچىگە يارالغان. ئادەم باشقا جانلىقلارنىڭ جانلىرىغا زامىن بولغان بىلەنمۇ بۇ ئازابتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان بالىسى ئەڭ ئالدى بىلەن باشقىلارغا يەنى جانلىقلارغا رەھىم ئەيلىشى، ئۇلارنى ئاسرىشى كېرەك. يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدىكى «مەن» يىلان بولۇپ قالسىمۇ، ئادەم «مەن» نى قىلىچى بىلەن چېپىپ تاشلىدى. ئەمما ئەسلى بۇددا ئەقىدىسى بويىچە ئۇ زەھەرلىك يىلان بولسىمۇ، جانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىق كېرەك ئىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە يامانلىقتىن بېشارەت بولىدۇ.

قىزىل مىڭئۆي بۇددا رەسىملىرىدە «كىشاماكارا بۇدساتۋا سۇترا» ناملىق بۇدساتۋالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك بەك نەپىس ئەكس ئەتكەن (قىزىل مىڭئۆي 17 ـ غار سول تەرەپتىكى تامدا). دېمەك بۇ ئەسلى بۇددا ئەقىدىسى بويىچە يارالغان بىر چۆچەك ئىدى. چۆچەكنىڭ تەپسىلىي بايانى مۇنداق:

«تاغدىكى ئورمانلىقتا يىلانلار ياشايتتى. بىر كۈنى گارۇدا ناملىق ئىككى باشلىق قۇش ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سالدى. يىلانلارنىڭ پادشاھى ئۇنىڭغا: ‹سەن قۇشلارنىڭ ئىلاھى، بىز بولساق تاغ جىرالاردا ئۆمىلەپ يۈرگۈچىلەر جامائىتى. بىز ساڭا نېمە زىيان سالدۇق؟ ئەگەر پەيلىڭدىن يانمىساڭ، بىز يىلانلار ھەممىمىز بىرلىشىپ ساڭا قايتۇرما

ھۇجۇم قىلىمىز، دەپ سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. گارۇدا قۇش - يىلانلارنىڭ ئۇيۇشقان كۈچىدىن قورقتى. يىلان پادىشاھى بۇ ئىشتا ئەقىل كۈچى بىلەن گارۇدا قۇشنى يەڭدى.

بۇ چاغدا يىلانلار بار جايغا ئادەم كەلدى. بىر ئادەم يىلان پادىشاھىنىڭ تېرىسىگە قىزىقتى. ئۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، قارىسا كۆزنى چاقنىتاتتى. بۇ ئادەم خانغا يىلان تېرىسىنى سوۋغا قىلماقچى بولدى. ئەگەر يىلان پادىشاھى بۇنىڭغا قارشىلىق قىلسا، پۈتۈن يىلان جامائىتى بىرلىشىپ ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلاتتى، يىلان پادىشاھى ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن يىلانلارنى بىردەم يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى بولسا يىلان تېرىسىگە قىزىققان ئادەمنىڭ پەيلىدىن يانمايدىغانلىقىنى، بۇنداق بولسا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى. ئادەم ئۇنى ھېچقانچە جاپا تارتمايلا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە تېرىسىنى ئېلىپ كەتتى. تەڭرىلەر يىلاننىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ جېنىنى تېنىگە قايتۇردى، يېڭىدىن تېرە بەردى...»[5]

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇددا دىنىدىكى بۇ مۇقەددەس ھېكايەتمۇ بىر يىلانغا باغلانغان، ئەمما بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ھېكايەتتىكى يىلان بۇددا تەڭرىلىرىنىڭ ھىممىتىگە ۋە شەپقىتىگە مۇشەررەپ بولغان يىلاندۇر. «ئىرق بىتىگ» دە بىر چۈش تەبىرى ئەنە شۇنداق يىلان بىلەن باغلانغان ھالدا تەبىرلىنىدۇ:

«يىرتقۇچ يۇلۋاس ئوۋ ئوۋلاشقا» ـ ـ 74 ـ 75

چىقىپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ يىلانغا دۇچ كېلىپتۇ. ئالا يىلان تىك قىيا تاشقا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (يولۋاس) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ خۇشال - خۇرام يۇرگۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە يەنە بىر يىلان تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ چۈش تەبىرىدىكى سۆزنىڭ قارىغاندا، يىلان بىلەن يولۋاسنىڭ بىر - بىرىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەنلىكى ۋەقەلىك تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ چۈش ياخشى تەرەپكە بۇرۇلىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىش ھاجەتكى، يولۋاس قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلار دەۋرلىرىدە ئۇلۇغلىغان ھايۋانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇددا دىنىدىكى خېلى كۆپ ھېكايەتلەردىمۇ يەنە يولۋاسنىڭ ۋاستىسى بىلەن سيوژىت راۋاجى كاپالەتكە ئىگە بولىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن: «سۇۋارنا پراپاسا سۇترا» (ئالتۇن يارۇق) تىكى بىر چۆچەك قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17 -، 38 -، 47 -، 114 - غارلىرىدا ئىنتايىن نەپىس كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەزكۇر ھېكايىنىڭ ئەسلى تەپسىلاتى مۇنداق:

«. . . . . چامبودىۋىپ دۆلىتىدە ماھارادى ئىسىملىك بىر خان بار ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئەڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھاساتۋى ئىدى.

بىر كۇنى خان ئۈچ شاھزادىسىنى ئەگەشتۇرۇپ سەيلىگە چىقتى. شاھزادىلەر خاندىن رۇخسەت ئېلىپ گۈل - چېچەك تەرگىلى ماڭدى، ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ بىر قومۇشلۇق

www.uyghurkitap.com

ئىچىگە كىرىپ قالدى، ئۇ يەردە يېقىندىن كۆچۈكلىگەن بىر يولۋاسنى كۆرۈپ قالدى. يولۋاس كۆچۈكلىگىلى يەتتە كۈن بولغان، لېكىن يەيدىغان ئوزۇق تاپالماي ئېچىرقاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىپ قالغانىدى.

ماھاساتۋى شاھزادە بۇ يولۋاسنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزماي كېتىشكە كۆڭلى قىيمىدى ـ دە، ئۆزى ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتتى.

ئاچ يولۋاس ۋە ئۇنىڭ باللىرى ماغدۇرسىز بولغاچقا، ئۇنى چىشلەپ پارچىلاشقا كۈچى يەتمىدى. شاھزادە قولىغا ئۇچلۇق ياغاچ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىغا سانچىپ قان ئاققۇزۇپ، ئاچ يولۋاسلارنىڭ يېنىغا قايتىدىن باردى. . .

بۇ چاغدا تەڭرىلەر ئاسماندىن چۈشۈپ، شاھزادىنىڭ ساپ ئەقىدىسى ۋە مېھرىبانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، قوشاق قوشتى.

ئاچ، ماغدۇرسىز يولۋاسلار شاھزادىنىڭ قېنىنى شوراپ ماغدۇرلىنىپ، ئاخىرى ھەممە گۆشلىرىنى يەپ بولدى. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىلا قالدى.»[15]

بۇددا ئەقىدىسىدىكى مەلۇم ھەقىقەتنى شەرھلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ ھېكايەتكە ئوخشايدىغان ھېكايەتلەر قەدىمكى دەۋرلەردە سانسكرىتچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» مانا شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ خىل، يولۋاسقا ئۆز تېنىنى تەقدىم قىلىدىغان ھېكايەتلەر بۇددا نوملىرىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.[16]

دېمەكچىمىزكى، بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن

چۇش تەبىرىدىكى «يولۋاس» بەلكىم بۇددا نوملىرىدىكى مەلۇم ھېكايەتلەر بىلەن باغلىنىشى بار دېتال بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى دەۋرلىرىدە توتېم بولغان ھايۋانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى (ھەتتا ھەممىسى) دېگۇدەك بۇددا نوملىرىدىكى ھېكايەتلەردە ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇن قىزىل مىڭئۆي ۋە باشقا بۇددا مىڭئۆيدىكى تام سۈرەتلىرىدىمۇ شۇ ھايۋانلارنىڭ يارقىن ئوبرازى ئەكس ئېتىدۇ. چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىلمىي ھەقىقەت بار. ئۇ قانداق ھەقىقەت؟ بۇ ھەقتە مەن لى يۈڭ ئەپەندىنىڭ مۇنۇ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيمەن: «. . . . . تارىمدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىدە غەربىي ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىستان مۇزىكا سەنئەتلىرى بىلەن كۆپ تەرەپلەردە ئوخشاشلىق ياكى ئورتاقلىق بولغانلىقى ئىسلامىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى بولغان بىر قاتار ئوخشاش ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئاساسلىرىدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش، ئانچە قىيىن ئەمەس.»[12]

لى يۈڭ ئەپەندىنىڭ بۇ بايانىنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، تارىمدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىستان مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئوخشاشلىقى ناھايىتى قەدىمىي بولغان ئورتاق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئاساسىغا باغلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى قاراشلىرى ۋە شۇ مەزمۇندىكى ھېكايەتلەردە گەۋدىلەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھايۋانلار بىلەن ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان ھايۋانلارنىڭ ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

«ئىرق بىتىگ» دە بۇددىزم قاراشلىرىنىڭ ئىنتايىن قويۇق بولۇشى تەبىئىي مەسىلە. چۈنكى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۆزى 9 - ئەسىر (تۇرپان ئىدىقۇت خاقانلىقى دائىرىسىدە بۇددا دىنى بۇرخانچىلىقى پەللىگە چىققان دەۋر) دە قەلەمگە ئېلىنغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە بۇددا ئەقىدىسىنىڭ مۇئەييەن ئىزنالىرى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز «ئىرق بىتىگ» نىڭ ئاخىرىدىكى مۇئەللىپىنىڭ مۇنۇ قۇرلىرىدىمۇ روشەن كۆرەلەيمىز:

«بارس يىلى، ئىككىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، مەن تايگۈنتان (大云堂) ئىبادەتخانىسىدىكى كىچىك دىندارلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئاڭلىغۇچىمىز ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتەچۇق ئۈچۈن پۈتۈدۈم.» بۇ پۈتۈك بۇتخانىدا راھىبلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن چوڭ سانغۇن (ھەربىي سەردار) لار ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىنغان. دېمەك ئۇنىڭدا مۇئەييەن بۇددىزملىق قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر.

## 5. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەخلاقىي كاتېگورىيە ھامان دىنىي ئەنئەنىلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئەخلاق كاتېگورىيىسىنىڭ تەۋرەنمەي مۇكەممەل پۇت دەسسەپ تۇرۇشى دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەملىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر

سەھىپە («ئىرق بىتىگ» دىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرى سەھىپىسى) نى بىز مۇشۇ بابىمىزنىڭ تەركىبىدە بايان قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

ھەر قانداق بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئۆز تارىخىدا شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرى بولىدۇ. بۇ خىل قاراشلار ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەر قايسى يازما مىراسلىرىمىزدىن مەلۇم بولغىنىدەك، «ئىرق بىتىگ» دىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز يەنە بىر قانچە چۈش تەبىرلىرىگە مۇراجىئەت قىلايلى:

91 ـ. «يىلىغا توشقاننى (ياشانغانلارنى) يۇدۇتمەي (جۇۋۇتماي)، ئېيىغا توشقاننى (ياشلارنى ياكى كىچىكلەرنى) ئازابلىماي، ھەممىسى ياخشى بولسۇن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۈ.»

ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ چۈش تەبىرىدە ياشانغانلارنى جاپا چەككۈزمەي، كىچىكلەرنى بولسا ئازابلىماي (ئاسراپ)، ھەممىسى ياخشى ئۆتسۇن، دېگەن نەسىھەتنى ئاڭلاپ چۈشەش ئەزگۈلۈكتىن بېشارەت، دەيدۇ. شەكسىزكى بۇنىڭ تېگىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ ئەخلاق قارىشى ياتىدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقتا ئوخشاش ئېسىل پەزىلەت ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلارمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

59 ـ، 60 ـ. «باتۇر يىگىت تازا يارامىلىق

www.uyghurkitap.com

ئوقياسىنىڭ ئوقىنى تىك يارنىڭ دوقمۇشىغا ئۇرۇپ، يالغۇز
كېتىپ بارغۇدەك. شۇنداق باتۇردەك. بىلىڭلاركى، بۇ
ئەزگۇ.»

بۇ چۇش تەبىردە باتۇرلۇق مەدھىيىسى ناھايىتى ئېنىق
گەۋدىلەنگەن.

ئۇندىن باشقا يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن
مۇھەببىتىنى قەدىرلەش، ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈش،
ۋەتەن يولىدا جان پىدالىق بىلەن دۈشمەننى يوقىتىش
كۆرەشلىرىگە باتۇرلارچە ئاتلىنىش قاراشلىرى ئۇلارنىڭ
ئەجدادلار روھىغا بولغان تېۋىنىشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن
ھالدا، بىر چۇش تەبىردە مۇنداق بايان قىلىنغان:

51 ـ. «خان سوقۇشقا بېرىپتۇ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ،
سۈرگۈن قىلىپتۇ، كۆچۈرۈۋېتىپتۇ، ئۆزى ۋە قوشۇنى
خۇشال ـ خۇرام ئوردىسىغا (پايتەختىگە) قايتىپتۇدەك.
شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى ئىنسانىي قاراشلىرى،
ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىگە بولغان سادىقلىق ئەخلاقىي
قاراشلىرى «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق ئەكس ئېتىدۇ:

62 ـ. «ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) ئىدىشنى،
ئايغىنى (قاچىسىنى) قويۇپ (سەپەرگە) چىقىپتۇدەك،
كېيىن ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ: ئىدىشىمنى، ئايغىمنى
قويۇپ نەگىمۇ بارارمەن، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك.
ئىدىشى، ئايغى ساق تۇرغۇدەك. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ) خۇشال
بولۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئايال ئاخىرى ئويلىنىپ، ئۆز
خاتالىقىنى بىلىپ ئۆزىنىڭ ئىللىق ئۆيىگە قايتىپ كېلىشىنى

چۇشەش تولۇقى بىلەن ياخشىلىق ئالامىتىدۇر. بۇنداق ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان ئەخلاقىي قاراشلار ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلىرى ئىچىدە يەنە گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) كاتېگورىيىلىرىگە تەئەللۇق بولغان مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چۈش تەبىرلىرى «ئىرق بىتىگ» دە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىز مۇنۇ چۈش تەبىرلىرىگە قاراپ باقايلى:

57 ـ . (ئايال) قۇمۇش ئارىسىدا تۇرغۇدەك (ياشىغۇدەك)، تەڭرى ئۇنىمىغانلىقتىن (رەھىم قىلمىغانلىقتىن) مەلىكە خانىم ئۆزىنىڭ ئاۋۇنچۇغى (تەسەللىي بەرگۈچىسى) بولسۇن، دېگۈدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

45 ـ . «كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ، سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

ئاۋۋالقى چۈش تەبىرىدە، تەڭرى شۇنداق رەھىم قىلماي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان پاجىئەلىك تەقدىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا «مەلىكە خانىم» تەسەللىي بېرىپ، «شورپىشانىلىق» تىن بىراۋنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسا، بۇ جەزمەن ياخشىلىق بېشارىتى بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۇمانىزملىق قاراشلىرىنىڭ گاھىدا ئىنتايىن يۇكسەك ئورۇنغا قويۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئىككىنچى چۈش تەبىرىدە بولسا، نامرات كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىنىشى ياخشىلىقتىن بېشارەت، دېگەن ئاجايىپ ئىلغار گۇمانىستىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىدا گەپ يوق. بۇ ئىككى چۈش قارىماققا ئادەتتىكى مەزمۇندىكى تەبىرلەردەك قىلىسمۇ، ئەمما بىز چوڭقۇرراق ئويلانساقلا، بۇ چۈش تەبىرلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نازۇك دۇنيا قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. قىسقىسى، بىز بۇ ئىككى چۈش تەبىرىنىڭ ئاستىدا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قويۇق گۇمانىستىك قاراشلىرى ياتىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز.

ئىزاھلار:

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 14 ـ بەت.

② «دىنلار لۇغىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 1140 ـ بەت.

③ بەھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى»، تۈركچە نەشرى، 98 ـ بەت.

④ ئەزىز نارىنبايېۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى»، «كوممۇنىزم تۇغى»، 1991 ـ يىل 1 ـ فېۋرال سانى.

⑤ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1985 ـ يىل 1 ـ سان، 72 ـ بەت.

⑥ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن

تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 326 ـ بەت.

⑦ ئەسلى يۇنان تىلىدىن 1939 ـ يىلى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «مۇقەددەس ئىنجىل»، 5 ـ باب، 263 ـ بەت.

⑧ بەھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى»، تۈركچە نەشرى، 123 ـ بەت.

⑨ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 91 ـ 92 ـ بەتلەر.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 59 ـ 60 ـ بەتلەر.

⑪ «بۇددا نوملىرىدىكى خەلق ھېكايەتلىرى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 72 ـ بەت.

⑫ «مىراس» ژۇرنىلى، 1994ـ يىل 3 ـ سان، 71 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# «ئىرق بىتىگ» ۋە باشقا پالنامە، چۈش تەبىرى يازما يادىكارلىقلىرىمىز

## 1. «ئىرق بىتىگ» ۋە «پال كىتابى»

بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنۋاتقان «پال كىتابى» تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى نامىدا بېرلىندا ساقلانماقتا. مەزكۇر يازما يادىكارلىقىمىزمۇ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا ئوخشاشلا، چەتئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ يازما يادىكارلىقىمىز ھازىر بېرلىن دۆلەتلىك مۇزېيىدا «TIIY36» دېگەن نومۇر بىلەن تۇرپان تېكىستلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنى 1929 ـ يىلى ئا. ۋ. گابائىن «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» (Turkische Turfan — Texte) نىڭ 1 ـ تومىدا ئېلان قىلدى. 1936 ـ يىلى رەشىد رەخمەتى ئارات ئۆزىنىڭ قالدۇق قىسمىنى «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ VII تومىدا ئېلان قىلدى. كېيىن، يەنى 1965 ـ يىلى رەشىد رەخمەتى ئارات ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» (ESKI TURK SIIRI) ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر يازما يادىكارلىقنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن ھازىرقى ئوسمانلى تۈركچىسى يەشمىسىنى تولۇق بەردى. 1995 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ

كاندىدات تەتقىقاتچىسى ئىسمايىل تۆمۈرى ئەنە شۇنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزدى.②

رەشىد رەخمەتى ئاراتنىڭ ئېيتىشىچە مەزكۇر «پال كىتابى» خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئىكەن .③ ئەمما رەشىد رەخمەتى ئارات ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدە مەزكۇر «پال كىتابى» نىڭ نەچچىنچى ئەسىرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقىنى ئەسكەرتمەيدۇ. بەلكىم بۇ مەسىلىلەر چەتئەل تۈركولوگلىرىنىڭ باشقا ئىلمىي مېھنەتلىرىدە ئاللىقاچان شەرھىلىنىپ بولغاندۇر. بىز ئەنە شۇ ماتېرىياللاردىن تولۇق بەھرىمەن بولالمىدۇق. مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز رەشىد رەخمەتى ئارات ئېلان قىلغان «پال كىتابى» نىڭ تولۇق تېكىستىگە دىققەت بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى «ئىرق بىتىگ» بىلەن مەزمۇن يېقىدىن سېلىشتۇرماقچى بولدۇق.

«پال كىتابى» نىڭ تىلى تولۇق نەزمىي تىلدۇر. ئۇ جەمئىي 151 جۈپ مىسرالىق قۇر ( بۇنىڭ ئىچىدە 8 قۇر ئۈچ مىسرادىن، 7 قۇر 4 مىسرادىن تۈزۈلگەن ) شەكلىدە بولۇپ، يىغىپ ئېيتقاندا ھەممىسى ( ئۆچۈپ كەتكەن، تولۇق كەمتۈك جايلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) 324 تاق قۇردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەزكۇر كىتابدا جەمئىي چوڭ 14 پال بار. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ «ئىرىق بىتىگ» گە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى «پال كىتابى» دىكى پاللار «ئەگەر بۇ xxxx نامىلىق پال بولسا، ئۇنىڭ تەبىرى مۇنداق بولۇر. . . .» دېيىلىپ، ئاندىن تەبىرى شەرھىلىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە «ئىرىق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرى

بىلەن «پال كىتابى» دىكى تەبىرلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن قىسمەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىزنالىرى «پال كىتابى» دا خۇددى «ئىرىق بىتىگ» دىكىدەك ئىنتايىن روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىز «پال كىتابى» دىكى مۇنۇ پاللارنى كۆرەيلى:

«1. تاپتىڭ، بارچە خەلقلەر ئىززەتلەشكە ئىلگىرى
كەلدى ھوزۇرۇڭغا،
2. ئىلاھىي بەخت - سائادەت ئۇتۇشقا - يېڭىشكە
ئۆزلۈكىدىن قارار
3. تاپتى، زامانىڭدا. كۆن تەڭرى نۇرى ئېچىلدى -
4. يورىدى، قوڭۇر يەر يۈزى ياشاردى، گۈزەللەشتى.
بوز
5. بۇلۇت ئۆرلەپ يامغۇر ياغدى، چاڭ - توزان
ئۆزلۈكىدىن
6. بېسىلدى، شەرقتىن - غەربكىچە (بولغان) زېمىن
ئۆز ئىختىيارىڭچە، جەنۇبتىن
7. شىمالغىچە شەھەر - قىشلاق ئۆز مەيلىڭچە، تۆۋەن
نامىڭنى
8. يۇكسەلدۈردۈڭ، كىچىك ئېتىڭنى ئۇلۇغلاتتىڭ،
ساڭا بويۇن ئەگمىگەن كىملەر باردۇر؟
9. باغىڭ - بۇغچاڭ يولغا چىقتى ... پەرمانىڭ
10. يۇرۇشتى. ئوغۇل پەرزەنت ئارزۇ قىلىشىڭدىك،
تاپتىڭ، مال - دۇنيا تىلىشىڭدىك،
11. تاپتىڭ، كېسەل - ئاغرىق ساقايدى. چېلەك،

ئاشتاختا ئۆزگەردى.

12. كۆڭلۈڭنى شاد ـ خۇرام قىلغىن. يەرگە، ئاسمانغا

13. سۆيۈنچىلىك بولغىن. ئەگەر بۇ ئۇچراشماق ئاتلىق

14. ئىرىق كەلسە، تەبىرنى مۇنداق ئېيتۇر: ئىنتايىن قاتتىق

15. خەۋەر تېزدىن ھوزۇرۇڭغا يەتتى، يىل تەكرار

16. پارلىدى. ئۆيۈڭدە كېسەل ـ ئاغرىق ھەققىدە كۆرگەن بولساڭ

... ... ... ...

... ... ... ...

... ... ... ...

... ... ... ...»

بۇ پال تەبىرىدىكى «كونا تەڭرى نۇرىنىڭ يورىشى» چەكسىز بەخت ـ سائادەت بىلەن باغلانغان مەزمۇنلارنى «ئىرىق بىتىگ» نىڭ 25 ـ، 26 ـ قۇرلىرى، 38 ـ، 39 ـ قۇرلىرى، 79 ـ، 80 ـ قۇرلىرىدىكى چۈش تەبىرى ئەكس ئەتتۈرگەن، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىكى «كونا تەڭرى» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە «يەر گۈزەللەشتى، بوز بولۇت ئۆرلەپ يامغۇر ياغدى، چاڭ ـ توزان ئۆزلۈكىدىن بېسىلدى...» دېگەن مەزمۇنلارمۇ «ئىرىق بىتىگ» نىڭ 81 ـ، 82 ـ قۇرلىرىدىكى چۈش تەبىرى ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلار بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ، يەنى ھەر ئىككىلىسىدە «ياشىن تەڭرى» (ھۆل ـ يېغىن تەڭرىسى) نى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراشلىرى روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

«پال كىتابى» نىڭ يۇقىرى بايانلىرىدا يەنە «كۆڭلۈڭنى شاد - خۇرام قىلغىن، يەرگە، ئاسمانغا سۆيۈنچىلىك بولغىن ...» دېگەن بايانلار بار. بۇ بايانلار بىزگە «ئىرىق بىتىگ» دىكى 30 - ، 31 - قۇرلارنى ۋە 92 - ، 93 - قۇرلارنى ئەسلىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «كۆك تەڭرى» بىلەن «يەر تەڭرى» نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ خىلدىكى مەزمۇنلار «پال كىتابى» دا يەنە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

53. «... يەرگە، كۆككە سۆيۈنگىن،
خەيرلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىپ،
ئەلنى قايتىدىن جەم قىلغايسەن.»

يەنە مەسىلەن:

65. «سۆيۈنچ ھەم خۇشاللىق ساڭا يۈزلەندى،
تۆرىلەر تۆرىسى ساڭا نېسىپ بولدى.
سېنى ھەركىم بەگ قىلماقنى مۇۋاپىق كۆردى.»

66. «قوڭۇر يەردىن بىر چوققا پەيدا بولدى،
ئېتىكلىك جايدىكى .... قۇتۇلدى.»

67. «يەر - ئاسمان تەۋرەشتى،
كۈن ۋە ئاي بىر - بىرىنى كۆردى.»

مانا بۇ پال تەبىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى گەۋدىلىنىدۇ.

«پال كىتابى» دا يەنە قەدىمكى ئېتىقادلاردىن ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ بەزى ئىزنالىرىنىمۇ يولۇقتۇرۇش مۇمكىن. مەسىلەن، بىز مۇنۇ قۇرلارغا نەزەر سالايلى:

123 . «ئۆيۇڭدە ئىلگىرىكى ئېشىللەرنىڭ قانۇنىنى يولغا قوي، سېنىڭ بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان بىرەر مۇشكۇلات قالماس.»

«پال كىتابى» دىكى بۇ پال تەبىرى «ئىرىق بىتىگ» نىڭ 41 ـ ، 42 ـ قۇرلىرىدىكى چۈش تەبىرىدە ئەكس ئەتكەن ئەجدادلار روھىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «پال كىتابى» دا يەنە قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشنىڭ مەلۇم ئىپادىلىرى مۇنۇ قۇرلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

111 . «ئارچا پۇتىقى مىڭ تۈرلۈك تىترەر،

ئارچا دەرىخى پۇتۇقى يۈز خىل ئىرغاڭلار.»

بۇ پال تەبىرى« ئىرق بىتىگ» نىڭ 48 ـ، 49 ـ قۇرلىرىدىكى چۈش تەبىرلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «پال كىتابى» دىكى مۇتلەق كۆپ مەزمۇنلار «ئىرق بىتىگ» دىكى مەزمۇنلار (ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەزمۇنلاردىن باشقا مەزمۇنلار) بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن «پال كىتابى» دىكى بەزى مەزمۇنلار «ئىرق بىتىگ» دە ئەكس ئەتكەن بەزى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ؟ يەنە، نېمە ئۈچۈن بەزى مەزمۇنلار، يەنى مۇتلەق كۆپ قىسىم مەزمۇن «ئىرق بىتىگ» بىلەن ئوخشىمايدۇ؟

بىز بۇ يەردە مەزكۇر مەسىلىلەرگە پەقەتلا شۇنداق جاۋاپ بېرەلەيمىزكى، ئوخشىشىپ قېلىشتىكى سەۋەب: دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى

دەۋرىدىكى ئىلاھلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئىنسان بالىسى ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋردە ئومۇمەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى چوڭ - چوڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۇلۇغلىدى، «پال كىتابى» نى ئەجدادلىرىمىز خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم مەزمۇنلارنىڭ «ئىرق بىتىگ» دىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشى، قەدىمكى خەنزۇلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئوخشىشىپ قېلىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىز «پال كىتابى» نى تەرجىمىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلاردىكى مۇتلەق كۆپ مەزمۇنلارنىڭ ئوخشىماسلىقى «ئىرق بىتىگ» پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرئەندازلىق ئادەتلىرى بويىچە تۈزۈلگەن، ئەمما «پال كىتابى» بولسا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مانا بۇ ئىككى چوڭ مىللىي پەرق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن چوڭ مەزمۇن پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا سەۋەب بولىدۇ.

## 2. «ئىرق بىتىگ» ۋە «بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى»[4]

«بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» نى رادلوف تۇرپاننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلار» ناملىق

ئەسىرنىڭ 59 ـ بېتىدىن 61 ـ بېتىگىچە بولغان قىسمىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ ئەسەردە رادلوفنىڭ ئېلان قىلغىنى پەقەت مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تېكىستى، سلاۋيان يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىس تىلىدىكى تەرجىمىسى بولۇپ، ئەسەرنىڭ قاچان ۋە قايسى جايدىن تېپىلغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئىزاھات تەرىقىسىدە قىستۇرۇلغان مەزمۇنلاردىمۇ ئايرىم تىل ھادىسىلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ، ئەسەر ھەققىدە باشقا مەلۇمات بەرمىگەن.[5] شۇڭا بىز ئۇنىڭ دەۋرى ھەققىدىمۇ بىرەر ئېنىقچىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق. مەزكۇر ئەسەرنى 1993 ـ يىلى ئابدۇرېشىت ياقۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بىلەن ئىشلەپ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. قولىمىزدىكى مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن بىز ئۇنى مەزمۇن يېقىدىن «ئىرق بىتىگ» گە تەدبىقلاپ سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچى بولدۇق.

«بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» تولۇق ئەمەس، بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت 31 قۇرلا بولۇپ، ئۇنىڭدا بەدەندىكى قىچىشىش، مەڭ، قىزىرىش قاتارلىق ئالامەتلەرگە ئاساسەن ھەر خىل پال خاراكتېرىنى ئالغان پەرەز، ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزچە، «بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» نىڭ «ئىرق بىتىگ» بىلەن مەزمۇن يېقىدىن ئانچە كۆپ ئوخشاشلىقىمۇ يوق. ئەمما ئۇنىڭدىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىنىڭ

مۇئەييەن ئىزناسى بولغان «يۇلتۇز» تىلغا ئېلىنىپ، ئۇ «بەخت» تىمسالىدا گەۋدىلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىمۇ مۇقەررەر ھالدا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن، بىز ئۇنىڭدىكى مۇنۇ پالنى كۆرەيلى:

«2. مۇرىدە مەڭ بولسا باي بولىدۇ، ياخشى

3. يۇلتۇزغا يولۇقىدۇ. . . . . .»

بۇ پال تەبىرىدىكى «ياخشى يۇلتۇز» «بەخت يۇلتۇزى» بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى يىلتىزى بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان (كۆك) دىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر ئادەمنىڭ ئاسماندا بىردىن يۇلتۇزى بولارمىش، ئەگەر يولتۇزى كۆچسە، شۇ ئادەمنىڭ بەختى قاچارمىش، دېگەندەك گەپلەر بار. ئەمەلىيەتتە بۇلارمۇ ئاشۇ قەدىمكى ئېتىقادلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. «ئىرق بىتىگ» دىمۇ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى بار ئىكەنلىكىنى بىز ئالدىنقى بابلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەندۇق، بۇ يەردە قايتىدىن تەكرارلىمايمىز. قىسقىسى «ئىرق بىتىگ» دىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ئىزلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇقتىلارنى «بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» دىمۇ يولۇقتۇرۇش مۇمكىن. مۇبادا «بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» تولۇقى بىلەن دەۋرىمىزگىچە كېلەلىگەن بولسا ئىدى، بىز ئۇنى كەڭ - كۇشادە مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايتتۇق.

## 3. «ئىرق بىتىگ» ۋە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»[6]

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر مەجمۇئەسى) ناملىق ئەسەر خوتەنلىك تارىخچى، ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاشى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1127 ـ يىلى (مىلادىيە 1715 ~ 1716 ـ يىللىرى) يېزىلغان. بۇ ئەسەر ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قەدىمكى كىتابلار بۆلۈمىدە 226 ـ ۋە 804 ـ نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى مەزكۇر قولىيازمىنى 1992 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن ھازىرقى ئۇيغۇرچىغا يېشىپ، ئىچكى قىسمىدا بېسىپ چىقاردى. مانا شۇ نۇسخىنىڭ باش قىسمىدا قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئىزاھ ئورنىدا كىرىش سۆز يېزىپ، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» نىڭ كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن خىلى كۆپ ۋارىيانتلىرى بارلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.[7]

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» نىسبەتەن چوڭراق ھەجىمدىكى، سەھىپىسى كەڭراق بولغان ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا، ئىسلام قەلەم ساھىبلىرىنىڭ يېزىش ئۇسۇلى بويىچە ئالدى بىلەن ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇلغان. ئاندىن «تارىخ ھەققىدە»، «ئايەم ۋە ھەپتە ھەققىدە»، «يەتتە كەۋاكىب ھەققىدە» دېگەندەك ئون تۆت چوڭ باب بېرىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا

«باشقىلار» سەھىپىسىنى بېرىپ، مۇشۇ سەھىپىدە چۈش تەبىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. بۇنىڭدىكى چۈش تەبىرلىرى گەرچە ئىنتايىن قويۇق ئىسلام دىنى پۇرىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دۇنيا قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرىدە ئەكس ئەتكەن مول مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسمى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى بەزى چۈش تەبىرلىرىدىمۇ ئۆز ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قالغان. بولۇپمۇ، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېتاللار ئومۇمەن «ئىرق بىتىگ» دىكى مەزمۇنلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

(1) «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىزنالىرى خۇددى «ئىرق بىتىگ» دىكىگە ئوخشاشلا تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، بىز تۆۋەندىكى چۈش تەبىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئەگەر كىشى چۈشىدە قۇياشنى كۆرسە، بۇ پەيغەمبەرلەرنى كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

«ئەگەر كىشى چۈشىدە يۇلتۇزنى كۆرسە، بۇ مۇراد ـ مەقسىدى ھاسىل بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

«ئەگەر كىشى چۈشىدە پەيغەمبەر، پەرىشتە، ئاي، يۇلتۇز ۋە ئالىملارنى كۆرسە، ناماز ئوقۇماق، مۇناجات قىلماق، قۇرئان ئوقۇماق، تەفسىر ئىشىتمەك، ئىلىم ئۆگەنمەك كېرەك.»

بۇ ئۈچ چۇش تەبىرىدىكى كۈن (قۇياش)، ئاي، يۇلتۇزلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ روشەن ئىزنالىرىدۇر. بۇ جەھەتتە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى مەزكۇر چۇش تەبىرلىرى «ئىرق بىتىگ» نىڭ 38 ـ، 39 ـ قۇرلىرىدىكى ۋە 79ـ، 80ـ قۇرلىرىدىكى چۇش تەبىرلىرى ئەكس ئەتتۇرگەن مەزمۇنلارغا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ.

كۆك (ئاسمان) تەڭرىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ مۇئەييەن ئىپادىلىرى خۇددى «ئىرق بىتىگ» نىڭ 17ـ، 71ـ قۇرلىرىدىكى چۇش تەبىرلىرى ئەكس ئەتتۇرگەن مەزمۇنلاردەكلا گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئەگەر كىشى چۇشىدە ئۆزىنى ئىگىز (كۆك) دە تۇرۇپ كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ قولى ئۇزۇن، سۆزى ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

دېمەك بۇ چۇش تەبىرىدە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك (ئاسمان) تەڭرىسىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى گەۋدىلەنگەن.

(2) «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا يەنە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمىزملىق قاراشلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن. بىز ئالدىنقى بابلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى توتېم شەكىللىرى خۇددى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىمۇ ئەينەن ساقلانغان. بىز تۆۋەندە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى توتېم شەكىللىرىنى پەقەت بىردىنلا چۇش تەبىرىنى مىسال ئېلىپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

«ئەگەر كىشى چۇشىدە لاچىن كۆرسە، بۇ مەزكۇر

كىشىنىڭ ھۆرمىتىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»
بۇ چۈش تەبىرىگە دېتال بولغان لاچىن «ئىرق بىتىگ» نىڭ 64 -، 65 - قۇرلىرىدىكى ۋە 66 -، 67 - قۇرلىرىدىكى چۈش تەبىرلىرىگە دېتال بولغان لاچىن بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ياخشىلىق (ئەزگۇلۇك) بېشارەتچىسى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.
«ئەگەر كىشى چۈشىدە سېمىز ئۆي (كالا) كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ نېمىتى زىيادە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»
بۇ چۈش تەبىرىدە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كالىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئەكس ئەتكەندۇر. بۇ «ئىرق بىتىگ» نىڭ 56 - قۇرىدىكى ۋە 61 - قۇرىدىكى چۈش تەبىرلىرىدە ئەكس ئەتكەن كالىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن قىلچە پەرقسىزدۇر.
«ئەگەر كىشى چۈشىدە يولۋاس كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ پادىشاھ، ئەمەلدارلاردىن ئىنئام كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»
بۇ چۈش تەبىرىدە يولۋاسنى چۈشەشمۇ ياخشىلىققا بۇرالغان. «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرىنىڭ 74-، 75- قۇرلىرىدا دەل يۇقىرىقى چۈش تەبىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كارتىنا بار، يەنى يولۋاس ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان ئامىل بولغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدە يولۋاسنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى چۈش تەبىرلىرى ئىچىدە

تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئىرق بىتىگ» دە تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلاردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئىرق بىتىگ» دىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى چۈش تەبىرلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئات قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن مۇقەددەس سانالغان ھايۋانلارنىڭ بىرى، يەنى توتېم قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ بىرى، ئاتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىي ھاياتىدىكى ئورنى بەك يۇكسەكتۇر. «ئىرق بىتىگ» دە خېلى كۆپ چۈش تەبىرلىرى ئات بىلەن باغلىنىدۇ. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىمۇ ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن چۈش تەبىرلىرى بار. مەسىلەن:

«ئەگەر كىشى ئات مىنىپ چۈش كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئىرق بىتىگ» دە ياخشىلىقتىن ئىشارە بەرگۈچى بەزى ھايۋانلار (بۇ ھايۋانلار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمى بولغان) «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى چۈش تەبىرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا يەنە ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەن. مەسىلەن، مۇنۇ چۈش تەبىرگە قاراڭ:

«ئەگەر كىشى چۈشىدە تۆگە مىنىپ ياكى تۆگىنى قىچقىرتىپ چۈش كۆرسە، بۇ مۆھتەرەم ـ ئەززائىلدۇر.»

«ئىرق بىتىگ» دە ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى بەزى ھايۋانلار «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى چۈش تەبىرلىرىدە يامانلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى ھايۋانلارغا ئايلانغان. بولۇپمۇ بۆرە، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلار «ئىرق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىتىگ» دە ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى ھايۋانلار بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقسا، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا يامانلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى دېتاللار بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مەسىلەن:

«ئەگەر كىشى چۈشىدە بۆرە كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ دوستىدىن دۈشمەنلىك كۆرۈدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

«ئەگەر كىشى چۈشىدە ئېيىق كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ جىن ـ شاياتۇنلارغا يولۇقىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرلىرىدىكى بۆرە ۋە ئېيىقلار يامانلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى ئاملدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، «ئىرق بىتىگ» نىڭ قەلەمگە ئېلىنغان دەۋرى بىلەن «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» نىڭ يېزىلغان (مۇھەممەت ئېۋەز قارىقاش«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزگەن چۈش تەبىرلىرىمۇ، ئۆز دەۋرىدە خەلق ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن چۈش تەبىرلىرىدۇر) دەۋرى ئارىسىدا توققۇز ئەسىرگە يېقىن تارىخىي مۇساپە بار، بۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مۇساپە. بۇنداق ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە ھەرقانداق خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى تېخىمۇ مۇرەككەپ جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھايات. بىز پەقەت دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىنلا قارىساقمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىدا خېلى كۆپ دىنىي ئېتىقادلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. مانا شۇنداق ئىكەن، بۇ يەردىكى ئۆزگىچىلىكلەر بىزنى

ھەيران قالدۇرماسلىقى كېرەك. «ئىرق بىتىگ» دىكى خېلى كۆپ مەزمۇنلار يەنە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا ئەينەن ساقلانغان.

(3) «ئىرق بىتىگ» دىكى باشقا مەزمۇنلار، مەسىلەن، پادىشاھنى چۈشەش، ئالتۇن تەختنى چۈشەش قاتارلىقلار «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى چۈش تەبىرلىرىدىمۇ ئەينەن ساقلانغان. «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرلىرى بار:

1. «تەڭرىنىڭ (ياكى خان)... (ياكى كىچە

- كۈندۈز) ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

41 _، 42 _. «خان تەختتە ئولتۇرۇپ ئوردا _ سارايى ساپتۇ، ئەل _ يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇدەك، يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ئويۇن _ تاماشا قىلغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

«ئىرق بىتىگ» دىكى بۇ چۈش تەبىرلىرى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرلىرى بىلەن ئوخشىشىدۇ:

«كىشى چۈشىدە ئالتۇن تەخت كۆرسە، بۇ مۇراد _ مەقسىدى ھاسىل بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

«كىشى چۈشىدە ئۆزىنى تەختتە كۆرسە، مۇلۇكدار بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

«ئەگەر كىشى چۈشىدە پادىشاھلارنى كۆرسە، بۇ مەنپەئەت كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر.»

بىزنىڭچە بۇ چۈش تەبىرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## 4. «ئىرق بىتىگ» ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چۈش تەبىرلىرى

«ئىرق بىتىگ» دە بايان قىلىنغان «ياخشىلىق» (ئەزگۈلۈك) ۋە «يامانلىق» ئالامەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ⑧ بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي زاماندىن تارتىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان پالچىلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر قانداق بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ھازىرقى مىللىي خاسلىقى ئىچىدە، ئۇنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ساقلانغان بولىدۇ. شۇڭا بىز قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلغاندا، كۆپ نەرسىلەرنى بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇق ئىچىدىن ئىزدەيمىز. ئۇيغۇرلاردىكى ناھايىتى قەدىمىي بولغان چۈشلەرگە تەبىر بېرىش ئادەتلىرى ھېلىمۇ يېزىلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىز بىر مەزگىل تۈۋەنگە چۈشۈپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر قۇرئەندازلار قولىدىن تۈۋەندىكى بىر مۇنچە چۈش تەبىرلىرىنى يىغدۇق ۋە بۇ چۈش تەبىرلىرىنى «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرى بىلەن قىسمەن سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق.

(1) ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرىنى ساقلاپ كەلگەن كۆپلىگەن چۈش تەبىرلىرى بار. مەسىلەن:

«تاغدا يۈرۈپ، تاغنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئىززەت

ۋە ھۆرمەتلىك بولغاي.»
«ئېگىز كۆككە ئۇچۇپ چۇش كۆرسە سەپىرى ئوڭۇشلۇق سالامەت بولۇر».
«يامغۇر يېغىپ چۈش كۆرسە، ئەرزانچىلىق بولۇر.»
«ئاپتاپ چىقىپ چۈش كۆرسە، مەرتىبىلىك بولۇر.»
«كۈننى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، خۇدانىڭ جامالىدۇر.»
«كۈن تۇتۇلۇپ چۈش كۆرسە، خەلق زۇلۇمدا قالغاي.»
ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرلىرى «ئىرق بىتىگ» دىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنى مەزمۇن قىلغان چۈش تەبىرلىرى بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرىمۇ ھازىر ئېقىپ يۈرگەن چۈش تەبىرلىرى ئىچىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
«كۆچەت قويۇپ چۈش كۆرسە، پەرزەنت كۆرگەي.»
«ئاق ئۇجمە يەپ چۈش كۆرسە رىزقى كۆپ بولۇر».
(2) بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن چۈش تەبىرلىرى ئىچىدە يەنە «ئىرق بىتىگ» دىكى ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئەينەن ساقلانغان. بۇلار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان جانلىقلاردۇر. مەسىلەن:
«قۇش كۆرۈپ چۈش كۆرسە دۆلىتى زىيادە بولۇر.»
«لاچىن كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى باتۇر بولۇر.»
«تورغاي كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئەۋلىيالار بىلەن دوست بولۇر.»
(بۇ چۈش تەبىرى «ئىرق بىتىگ» نىڭ 94_، 95_

قۇرلىرىدىكى «تورغاي» تىلىغا ئېلىنىدىغان چۈش تەبىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ).

«كەكلىك كۆرۈپ چۈش كۆرسە، خۇدا جۈپ پەرزەنت بېرەر.»

«ئات يۈگۈرۈپ (چاپقۇزۇپ) چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېتەر.»

«ئاتتىن يېقىلىپ چۈش كۆرسە، خوتۇنىدىن يامانلىق كېلەر.»

«كالا قوغلاپ كېتىپ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغلارنىڭ نەزەرىدىن يىقىلار (چۈشەر).»

«كالا بوغۇزلاپ چۈش كۆرسە، يۇرتىغا خەتەر يېتەر».

«سېمىز ئىنەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە، مەمۇرچىلىق بۇلار.»

«تۆگە كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئەۋلىيالار بىلەن دوست بولار.»

«بۇغرا نەرە تارتىپ چۈش كۆرسە، جان ئالغۇچىنىڭ سۈرىدۇر.»

«كېيىكنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، نېمەتكە داخىل بولار.»

«بۇغا كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئىشى ئوڭغا تارتار.»

مانا بۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن بىر قاتار چۈش تەبىرلىرىگە نەزەر سالساق، «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرىنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى چۈش تەبىرلىرىنىڭ قىسمەن ئىزچىللىقىنى روشەن كۆرەلەيمىز.

(3) «ئىرق بىتىگ» دىكى بەزى چۈش تەبىرلىرىنىڭ

سۈژىتلىرىغا دېتال بولغان بەزى نەرسىلەر بۈگۈنكى چۈش تەبىرلىرى ئىچىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

33 ـ، 34 ـ «ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) كۆزگۈسىنى (ئەينىكىنى) كۆلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى يىغلىغۇدەك، كېچىسى ھۆكىرىگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، مۇڭلۇق ئۇ، بۇ ئېنىق يامانلىق.»

ئەمدى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن مۇنۇ چۈش تەبىرلىرىگە قاراپ باقايلى:

«ئەينەككە قاراپ چۈش كۆرسە، دىدار كۆرۈشەر.»

«ئەينەكنى يىتتۈرۈپ چۈش كۆرسە، سەپىرىدىن تەرەپتىن خەتەر كېلەر.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى بۇ يەردە «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرىگىمۇ ۋە كېيىنكى چۈش تەبىرلىرىگىمۇ «ئەينەك» دېتال بولغان. يەنە كېلىپ، ھەر ئىككىلىسىدە ئەينەكنى يوقىتىپ قويۇش يامانلىق بېشارىتى بولغان. دېمەك «ئىرق بىتىگ» دىكى خېلى كۆپ چۈش تەبىرلىرى بۈگۈنگىچە مۇئەييەن ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلگەندۇر.

## 5. خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى پالنامىسى «易经» ۋە «ئىرق بىتىگ»

خەنزۇ خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭمۇ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنى تونۇشنى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى قىلغان «پالنامە» (易经) سى بار. بۇ «پالنامە» شاڭ (商) سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان.[9]

ئۇئەسلىدە «جۇ پالنامىلىرى» (周易) بولۇپ، ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «پالنامە» (易经) نىڭ ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا كىتاب بولغان ۋاقتى دەل شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر «پالنامە» دىكى چۈش تەبىرلىرى جەمئىي ئاتمىش تۆت پالنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا ئاساسەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق «سەككىزلىك» (八卦) پال تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ تەرتىپلەر قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىك قانۇنىيىتى پال ئۇسۇلى (阴阳说卦法) غا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ.[10] شۇنداق بولغاندا «پالنامە» (易经) بويىچە پال سالغاندا ياكى چۈشكە تەبىر بەرگەندە، ئاتمىش تۆت پالنامە جەدۋىلى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. دېمەك ئاتمىش تۆت چۈش تەبىرى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. «سەككىز بىرلىك» ئومۇمەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى سەككىز چوڭ مەۋجۇتلۇقنى ئۆزىگە تىمسال قىلىدۇ. ئۇلار ئاسمان (天)، يەر (地)، شامال (风)، چاقماق (雷)، سۇ (水)، ئوت (火)، تاغ (山)، سازلىق (泽) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.[11]

بەزىلەر تەڭرەك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ كۆرمەيلا، بەزى جايلاردا «ئىرق بىتىگ» خەنزۇلاردىكى پالنامە (易经八卦) دىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. بىز دە ئەنە شۇنداق پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان، ئىلمىي بولمىغان قاراشلارنى، تەتقىق قىلىپ كۆرمەيلا «ھەقىقەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان يەڭگىللىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بولغاچقا، بىر بۇ يەردە مەخسۇس ماۋزۇدا توختىلىپ ئەشۇ قاراشلارغا رەددىيە بېرىشنى توغرا تاپتۇق. ئاشۇنداق قىياس

قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتە ھېچبىر سىستېمىلىق سېلىشتۇرما ئەقلىي ئەمگىكى يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنداق قىياسەن پىكىرلەرنى ئالغا سۈرۈشتە ئاساس قىلىدىغانلىرىنى يىغىپ كەلگەندە، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

(1) خەنزۇلارنىڭ «پالنامە» (易经八卦) سى «ئىرق بىتىگ» دىن كۆپ بۇرۇن كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن.

(2) رەشىد رەخمەتى ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «پالنامە» مۇ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۇرۇلگەندۇر.

(3) «پالنامە» (易经八卦) دىكى چۈش تەبىرلىرى بىلەن «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرىنىڭ تەخمىنەن سانى يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

(4) قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىنى بىلدۇرىدىغان بەلگە (阴阳图) غەربىي رايوندىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

(5) «ئىرق بىتىگ» دىكى چۈش تەبىرلىرىدە «qunců» ۋە «tənsi» (公主 » ۋە « 天子 » ») دېگەن خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

خەنزۇلار ناھايىتى قەدىمىي مىللەت. غەربىي يۇرت قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدىكى ئىلغارلىقلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەدەنىيىتىدىكى ئىلغارلىقلارنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. دۇنيادا مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا، يات مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىرەر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرمەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. قەدىمدە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاجايىپ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ جامائەتچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

بىز يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە «جاۋاپ» بېرىشتىن ئىلگىرى خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى «پالنامە» (易经八卦) سىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش ئىزنالىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىرق بىتىگ» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش ئىزنالىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشلىرىدا بەش ئاناسىر (مېتال، سۇ، ئوت، ياغاچ، توپراق) ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.[12] بۇ ئۇلارنىڭ چۈش تەبىرلىرىدە چۈش مەزمۇنلىرىغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. كېيىن خەنزۇلارنىڭ «پالنامە» سىدا ئۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇقەددەس دەپ بىلىپ كەلگەن «سەككىز» بىرلىكى تولۇق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ بىرلىك رەسمىي پالدا ئىشلىتىلگەندە تۆۋەندىكىچە ۋارىيانت بىلەن ئۆزگەردى:

乾—兑—离—震—巽—坎—艮—坤
☰ ☱ ☲ ☳ ☴ ☵ ☶ ☷

بۇ ئەمەلىيەتتە بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى «سەككىز چوڭ مەۋجۇت» لۇقتۇر.[13] مانا بۇ خەنزۇلارنىڭ «پالنامە» سىدىكى قەدىمكى دۇنيا قاراش ئىزنالىرىدۇر. ئەمما بىزنىڭ «ئىرق بىتىگ» دىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دۇنيا قاراشلىرىدا بىز بۇنداق

ئىزچىللىقنى زادىلا ئۇچراتمايمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز «ئىرق بىتىگ» نى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەندە كۆرگەن توتېم ئالامەتلىرىمۇ، خەنزۇلارنىڭ «پالنامە» سىدا كۆرۈلمەيدۇ. ئاسمان، يەر، تاغ قاتارلىقلارنى خەنزۇلارمۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدە ئۇلۇغلىغان. بۇ تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرىنى ئۇلۇغلاش خەنزۇلاردىلا ئەمەس، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە بار ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردىكى ئازراق ئوخشاشلىق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە سەۋەب بولالمايدۇ.

خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى «پالنامە» سى «ئىرق بىتىگ» دىن بۇرۇن قەلەمگە ئېلىنغانلىقىغا قاراپ «ئىرق بىتىگ» نى خەنزۇلارنىڭ «پالنامە» (易经八卦) سىدىن كەلگەن، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش بەك كۆلكىلىكتۇر. بەزى «پالنامە» لەرنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشىمۇ «ئىرق بىتىگ» نىڭ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى دەلىللەشكە ئاساس بولالمايدۇ. گابائىن خانىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «پالنامە» نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېگەندە، ھەرگىزمۇ تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى «ئىرق بىتىگ» ھەققىدە گەپ قىلغان ئەمەس. [14] ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزىق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «پالنامە» «ئىرق بىتىگ» دىن كېيىن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق ئەسىرىدە رەشىد رەخمەتى ئاراتمۇ «ئىرق بىتىگ» ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ. خەنزۇلارنىڭ پالنامىسىدە ئۆزىگە خاس يول بىلەن «سەككىز» بىرلىك

ئاساسىدا 64 چۇش تەبىرى ئوتتۇرىغا چىقسا، «ئىرق بىتىگ» دە 65 چۇش تەبىرى بار. بۇ يەردىكى سان پېقىنلىقى ھەرگىز مەسىلىنى چۇشەندۇرۇپ بەرمەيدۇ. «ئىرق بىتىگ» نىڭ تۈگەللىمىسىدە مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئېيتىپ تۈگەتكەن. ئۇ ھەرگىزمۇ تەرجىمە توغرىلىق ئىزاھ بەرمىگەن.

قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىنى بىلدۇرگۈچى بەلگە (阴阳图) ھەقىقەتەن رايونىمىزدىن تېپىلدى. گابائىن خانىمنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۇ رايونىمىزدىكى قەدىمكى تام رەسىملىرىدە مەرگەنلەرنىڭ ئوقدانلىرىغا چۇشۇرۇلگەن، ئۇ جۇڭگونىڭ يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەن بەلگىسىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ بەلگىنىڭ شەكلى مانا مۇنداق:[15]



«ئىرق بىتىگ» دە بۇ بەلگە بىلەن چۇش تەبىرى شەرھىلەنمەيدۇ. شۇنداقلا «ئىرق بىتىگ» نىڭ ئەسلى مەتنىسىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە بۇنداق بەلگە يوق. شۇڭا، بۇ بەلگىنى ئاساس قىلىپ «ئىرق بىتىگ» ھەققىدە چىقىرىلغان ھەر قانداق خۇلاسە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى سۆز «天子» ۋە «公主» مەسىلىسىگە كەلسەك، بىر تىلدىن يەنە بىر تىلنىڭ سۆز قوبۇل قىلىپ ئۆز لۇغەت فوندىنى بېيىتىشى نورمال ھادىسە.

بۇ يەردىكى ئىككى سۆز «ئىرق بىتىگ» نىڭ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىرق بىتىگ» قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشلەرگە تەبىر بەرگەن ئۆزۈن تارىخىنىڭ يالدامىسىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ خەنزۇلارنىڭ «پالنامە» (易经八卦) سىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەمەس. بۇ نۇقتىنى بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە خاس مىللىي مەزمۇنلار ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

**ئىزاھلار:**

① رەشىد رەخمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 1965 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 277 ～ 305 ـ بەتلەر.

② ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 106 ～ 142 ـ بەتلەر.

③ رەشىد رەخمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 1965 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 277 ـ بەت.

④ مەزكۇر ئەسەرنى ئابدۇرەشىت ياقۇپ ترانسكرىپسىيىسى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بىلەن نەشرگە تەييارلىغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا «بەدەندىكى ئالامەتلەر ھەققىدە» دەپ ماۋزۇ قويغان. بىز بۇ يەردە مەزكۇر ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە پالنامە پارچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ «بەدەندىكى ئالامەتلەر پالنامىسى» دەپ ئاتىدۇق.

⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1993 - يىل 2 - سان، 84 - بەت.

⑥ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر مەجمۇئەسى) نى خوتەن قارا قاشلىق مۇھەممەت ئېۋەز ھىجرىيە 1127 - يىلى (مىلادىيە 1715 - 1716 - يىللىرى) خوتەندە يازغان. ھازىر مەزكۇر ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

⑦ 1992 - يىلى مەزكور ئەسەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرچە يەشمىسى چىقىرىلدى (ئىچكى قىسىمدا)، شۇ نۇسخىنىڭ «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» سەھىپىسى، 6 - بەت.

⑧ «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1980 - يىل 1 - سان، 175 - بەت.

⑨ «易学大辞典»، خۇاشيا نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمى.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب 9 -، 916 -، 917 - بەتلەر.

⑪ «易经八卦»، سىچۈەن داشۆ نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 - بەت.

⑫ «چۈشنىڭ ئىلمىي تەبىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1994 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 - بەت.

⑬ «八卦与古筮破解»، جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 - بەت.

⑭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 1985 - يىل 1 - سان،

86 ـ بەت.

⑮ گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاياتى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 113 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە «ئىرق بىتىگ»

### 1. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى

ئەر قانىتى ئات.

— خەلق ماقالى

ئات ئەڭ دەسلەپ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا كۆندۈرۈلگەن. «ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق، ئات ...... ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغان بولۇپ، بۇنى كىشىلەر ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان ۋاقىتتىنىنەزەر دېيىشكە بولىدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىن يېڭى ھاياتلىق ئىراسى ( Pleistocene Periob ) مەزگىلىدىكى ئاتنىڭ تاش قاتمىسى تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئاتمۇ ئاسىيادىن بارغان دەپ ھېسابلانغان ......» ① ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە ئۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن تۈركىيىلىك فارۇق سۈمەر ( FARUK SüMER ) ئۆزىنىڭ 1983 - يىلى تۈركىيىدە نەشر قىلغان «تۈركلەردە ئاتچىلىق ۋە چەۋەندازلىق» دېگەن ئەسىرىدە، ياپونىيىلىك ئېگامى ( 江上波夫 ) ئۆزىنىڭ 1967 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئاتلىق مىللەتلەر

ھاكىمىيەتلىرى» («骑马民族国家») ناملىق
ئەسىرىدە؛ خەنزۇلاردىن شياڭ يىڭجې قاتارلىقلارنىڭ
«ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى»
(«中亚马背上的文化») ناملىق ئەسەرلىرىدە مەزكۇر
نۇقتىنى مۇپەسسەل تەتقىق قىلغان. «...... ئوتتۇرا
ئاسىيادا تەخمىنەن بۇندىن 6000 ـ 8000 يىللار ئىلگىرى
ئوتكەن بوستانلىق ۋادىلاردا دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلار دەپ قارالغان بىر ئىز تېپىلدى. ئۇلار شۇ
چاغلاردىن تارتىپلا ئائىلە ھايۋانلىرىنى بېقىشقا باشلىغان.
يەكۈن قىلىنىشچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 مىڭ يىل
(بۇندىن 12 مىڭ يىل) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان ئاتقا
مىنىش تېخنىكىسى دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ بۇ خىل
بۆلۈنۈشىگە زور ئىلگىرىلەش كەلتۈردى.» ② دېمىسىمۇ،
بىزنىڭ كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە
بايقاشلىرىمىزدىن يېتەرلىك ماددىي ئاساسلار بىلەن
تەمىنلەنگەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تەخمىنەن
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللار بىلەن مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 800 ـ يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغان
مەدەنىيەت ئىزلىرىمۇ گەرچە كېيىنرەك بولسىمۇ بۇ نۇقتىنى
دەلىللىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ
برونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ مول،
مۇكەممەل، ئۈزلۈكسىز تېپىلىشى ئەينى چاغدا كۆچمەن
چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى
ئىگىلىكنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولغانلىق پاكىتىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەردى. «ھازىرقى زاماندا ئىپتىدائىي مەدەنىيەت

ئوستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيادا بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئەڭ دەسلەپ يېتىشتۈرگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بولۇپمۇ ئىنسانلار بېقىپ كۆندۈرگەن ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆندۈرۈلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرنى، يەنى ھايۋانلار ئەڭ دەسلەپتە ئېھتىمال ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى بويلىرىدىكى يايلاقلارنىڭ چەت ياقىلىرىدا كۆندۈرۈلگەن بولسا كېرەك، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى تولۇق ئىسپاتلىدى.» ③ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ دەسلەپكى دېھقانچىلىق ئاساسەن جەنۇبىي قىسمىدىكى چەت - ياقا رايونلاردا ياكى مۇنبەت بوستانلىقلاردا، يەنى ئامۇ دەرياسى بويلىرى، كوپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتەكلىرى، خارەزىم دېلتىسى، زەرەپشان دەرياسى ۋادىلىرى ۋە پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا بارلىققا كەلگەن. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھايۋانلار ئارىسىدا ئاتنىڭ قولغا كۆندۈرۈلۈشى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئۈچۈن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىدا چەكسىز ئىجابىي رول ئوينىغان بەردى، شۇنداقلا بۇ ئىككى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ناھايىتى تېز ئاشۇرۇۋەتتى. ھەر قانداق بىر ياۋايى ھايۋاننىڭ ئىنسان تەرىپىدىن قولغا كۆندۈرۈلۈشى شۈبھىسىزكى، ئىپتىدائىي ئىنسانغا ناھايىتى زور قۇدرەت بۇسۇشى ۋە مەدەنىيەت ئىلگىرىلىشى ئېلىپ كەلدى. ئات كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق بولغاچقا بۇ جەھەتتە

تېخىمۇ زور رول ئوينىدى. دېمەك، يىراق قەدىمىي زاماندىكى ئىش تەقسىماتىمۇ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن قولغا كۆندۈرۈلۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىنسانلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ قاتناش ئالاقىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور ئىلگىرىلەش ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ برونزا مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ئانىو مەدەنىيەت ئىزى، خارەزىم مەدەنىيەت ئىزى، تازا باگياب مەدەنىيەت ئىزى، ئافاناسوۋ مەدەنىيەت ئىزى، ئاندىرونوۋ مەدەنىيەت ئىزى، قاراسوق مەدەنىيەت ئىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئات مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بايقالدى. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە ئات ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە روشەن ئىز قالدۇرۇپ ئۆتتى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجداتلىرى قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرلىرىدىمۇ ئاتتىن ئايرىلماي، ئۇنىڭدىن تولۇق مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن. مىلادىيىدىن 5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرىكى سىكتاي ـ ساك قەبىلىلىرىنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئىراننىڭ بىستون قىيالىرىغا قاپارتما ھەيكەل شەكلىدە ئويۇلغان سۈرەتلەرگە قارايدىغان بولساق ئاتنىڭ ئاجايىپ ئوبرازىنى بايقايمىز. [4] رايونىمىز دائىرىسىدىنمۇ بۇنداق ئىزلارنى كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان توغراقبۇلاق،

پەنجىرتاغ قىياتاش سۈرەتلىرىدە، گۇما ناھىيىسىدىكى نوئاۋات قىياتاش سۈرەتلىرىدە، ئاقسۇ كونا شەھەردىكى قوزباي قىياتاش سۈرەتلىرىدە، بارىكۆل قىياتاش سۈرەتلىرىدە، نىلقا ناھىيىسىدىكى چوڭكۆل قىياتاش سۈرەتلىرىدە، مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى ئالتۇنتاغ قىياتاش سۈرەتلىرىدە، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى قارا ئىمىل قىياتاش سۈرەتلىرىدە، ۋە كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى سارچوققا قىياتاش سۈرەتلىرىدىمۇ ئاتنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تاۋار ئىگىلىكى ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئوبوروت ۋاستىسى پۇلغا كۆپ ھاللاردا شۇ پۇلنى ئىشلەتكۈچى خەلق ياكى قەبىلە داھىيسىنىڭ، مىللەت ياكى ئەلنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ھالدا ئۇچرايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. بىراق تېپىلمىلار ئىچىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر پۇللىرىدا ئۆزگىچە ئەھۋاللار ئۇچرىدى. تارىختا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى خېلى يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغان، پۇل ئىشلىتىش ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى بولغان يىپەك يولىدىكى قەدىمىي خوتەندە مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 2 ـ ئەسىرگىچە (مىلادىيە 73 ~ 200 ـ يىللار ئارىلىقىدا) خوتەن پادىشاھى مىس پۇل قۇيدۇرۇپ ئۆزگە قاراشلىق رايونلاردا ئىشلەتكەن. بۇ رايونىمىزدىن ھازىرغىچە تېپىلغان يەرلىك پۇللار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قۇيۇلغان مىس پۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر پۇل 1929 ـ يىلى خوتەننىڭ شىمالىدىكى «ئاق سېپىل» ۋە «يوتقان خارابىلىكى» دىن قېزىۋېلىنغان. ھازىر بېيجىڭدىكى جۇڭگو تارىخىي موزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ پۇلنىڭ شەكلى كىشىنى

ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ، پۇل يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، مىستىن تۆشۈكسىز ۋە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىنىڭ چۆرىسىگە خوتەننىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان. ⑤ پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈرۈلگەن ئات سۈرىتى بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم نۇقتا. نېمە ئۈچۈن بۇ مىس پۇلغا خوتەن پادىشاھىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمەي، ئاتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؟ ياكى ئۇ چاغلاردىكى رەسساملار ئادەمنىڭ سۈرىتىنى سىزالمايتتىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇ چاغلاردا خوتەن بۇددا رەسسامچىلىقى پەۋقۇلئاددە پەللە ياراتقانىدى. گەپ شۇ يەردىكى، خوتەن پادىشاھلىقى دائىرىسىدىكى خەلقمۇ شۇ چاغلاردىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇزۇن ئەسىرلەر ئەسناسىدا تۈركىي خەلقلەرگە پائالىيەت سەھنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا) رايونى سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىدىن ھىمالايا تاغلىرىغىچە، ئۇرال دېڭىزىدىن بالقاش كۆلىگىچە كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇشۇ كەڭ ۋە مۇنبەت تۇپراقتا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن بۇ باتۇر خەلق ئاتنى ئۇلۇغلاش ھايۋانلارغا تېۋىنىش ۋە ئۇنىڭغا تېۋىنىش جەھەتتە يىراق قەدىمىي زاماندىن تارتىپ ئورتاق ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلدى. ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ تارىخىدا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىزملىق ئىزنالىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى نۇرغۇن مەنبەلەردە، ئات يەنىلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى ساقلاپ كېلىۋەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، تارىخىي

ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە بۆرە توتېمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، بىراق ئوغۇز خاقاننىڭ ئالاچىپار ئايغىرى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇنى كېيىن ئېيتىش كېرەككى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇلارنىڭ توتېمىزملىق قاراشلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا، بۇنداق قاراشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى قاراشلىرىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكى ئېنىق، مۇنۇ بىر پاكىت مەزكۇر گېپىمىزنى دەلىللەشكە يېتىدۇ: دۇنخۇاڭ بۇددا مىڭئۆيىنىڭ 055 ـ نومۇرلۇق غارىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تامغا ئاجايىپ نەپىس بىر بەدىئىي كارتىنا چۈشۈرۈلگەن. تىنىق ئاسمان رەڭگىدە تامغا چۈشۈرۈلگەن بۇ رەسىم ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. تامنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر كۆك بۆرە، ئۇنىڭ ئاستىغا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئۆي، ئۇنىڭ ئاستىغا چاپچىپ تۇرغان بىر ئارغىماق، ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا تۆپتۈز كەڭ دالا ۋە ئىككى تۇرخۇن سىزىلغان، بۇ ئىككى تۇرخۇندىن چىققان ئىس كۆك ئاسمانغا تۆپتۈز كۆتۈرۈلگەن. بۇ شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، تالانتلىق رەسسام بۆرە، كالا ۋە ئاتتىن ئىبارەت بۈيۈك ئېتىقادنىڭ بىرلىكى ئاستىدىلا ئەمىن تۇرمۇشنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بۆرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىغا سىزىلىشى بۇ رەسىمنىڭ بۆرە توتېمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان مەزگىلدە سىزىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى كالا بۆرىدىن ئىلگىرىكى توتېم شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى تۈركىي خەلقلەر ئۆز تارىخلىرىدا ناھايىتى كەڭ كۆلەمدىكى باي توتېم شەكىللىرىگە ئىگە ئىدى. ⑥ بۆرە توتېمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدىمۇ، يەنىلا ئاتقا بەلگىلىك ئورۇننىڭ ئاجرىتىلىشى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا قانات بولۇپ كەلگەن ئاتنىڭ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قانچىلىك قىممەتلىك ئورۇنغا سازاۋەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتىدە شۇنچە مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر ئورۇنغا ئىگە بولغان ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشى، ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سەمەرىسى بولغان بەدىئىي ئەدەبىياتتىمۇ ئۆز ئەكسىنى تېپىشى تەبىئىي ھالدۇر. بىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئەسىردىن ـ ئەسىرگە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان مول ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورغا مۇراجىئەت قىلساقمۇ بۇ خەلقلەرنىڭ (تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ) ئات ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ مول ئىزنالىرىنى تاپالايمىز. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدە ئات بىلەن تەمسىللىنىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: «يامان ئات ئىگىسىنى يەرگە ئاتار، يامان دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتار»، «ئىچ ئات تارتسا يان ئات تارتماپتۇ، ئايغىر تارتسا بايتال تارتماپتۇ»، «ئات كەينىگە مىنگەشمە، مىنگەشكەندىكىن ئىنىدىمە»، «ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ»، «ئات ئورۇق، يول تايغاق، يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق»، «تاي ئات بولغۇچە، ئەر مات بولار»، «ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما»، «ئېتىڭ ھارسا ئابرويۇڭ كېتەر، قارنىڭ ئاچسا قەدرىڭ كېتەر»، «قېرى ئات چۆنەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بوزماس» ، «تەلۋە ئات مىنسە تەگىرنى تونۇماس» ، «ئاساۋ ئات ئادەم ئۆلتۈرەر» ، «ئات ئايىغىنى تاي باسار» ، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار» ، «ئات تاپقۇچە ئىگەر تاپ» ، «ئەر قانىتى ئات» ، «ئاتاڭ باردا دوست ئىزدە، ئېتىڭ باردا يول ئىزدە» ، «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ»...

مانا شۇنداق ماقال ـ تەمسىللەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى قانچىلىك ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىدە چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ماقال ـ تەمسىللەر ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەن ماقال ـ تەمسىللەر شۇنداق ئۇزاق زامانلاردىن كەلگەچكە ئاممىباب، جانلىق، ئوبرازلىق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تىل ئادەتلىرىدىن قەدىمكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇئەييەن كارتىنىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىز «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەن تەمسىلنى ئالساق، بۇنىڭدا شۇ نەرسە ئېنىقكى، تەمسىلنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىدا ئاتتىن چۈشۈش ھالاك بولۇش بىلەن تەڭ تىمسالدا چۈشىنىلگەن. نىھايەت، ئەنە شۇنداق تەمسىلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلق قوشاقلىرىدىنمۇ ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن قوشاقلارنى يولۇقتۇرىمىز. مەسىلەن:

ئاق بوز ئاتنى ماختايسەن،
كۆك بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.

سەن يارىڭنى ماختايسەن،
بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

ئاق بوز ئېتىڭ ئامانمۇ،
ھەلەپ يەمدۇ، سامانمۇ.
چىقمايسەن تاڭ ئاتقۇچە
ئېرىڭ سېنىڭ يامانمۇ.

ئاتىنىڭ ئوبدىنى جەدە،
مېنىڭ ئاشىقىم نەدە.
ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن،
كۆڭلى خالىغان يەردە.

ئاتى تورغى بولمىقى،
تۆت ئاياغىدىن ئەمەس.
بالا، پەرزەنت بولمىقى،
ئۇل خوتۇن ئەردىن ئەمەس.

ئات مىندىم دېگەن بىلەن،
قامچا بولسا بولمامدۇ؟
يار سۆيدۇم دېگەن بىلەن،
ياندا بولسا بولمامدۇ؟

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
كۆرۈنگەن قارا نورگە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،

بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

ئات مىنىپ كىمخاب كىيىپ،
يارىم مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
ئىچمىسەم زەنجى خۇمارىنى،
ئاخىر مېنى ئۆلتۈرگۈدەك.

ئات ئالساڭلار، تاي ئالماڭلار،
يولغا كىرمەيدۇ.
قېشى قارا قاۋۇل جوگان،
قولغا كەلمەيدۇ.⑦

. . . . . .

خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىنى بىز ئەسلى مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس ياكى زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولمايدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاشۇ باغلىنىشى بولمىغان ئىككى مىسرامۇ قالايمىقان، تەرتىپسىز، مەنىسىز گەپ - سۆزلەردىن تەركىب تاپقان ئەمەس. ئۇلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالساق مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگىلىرىمۇ بار. بولۇپمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا بەلگىلىك ئىجابىي تۇسكە ئىگە بولغان ئاتقا ئوخشاش ئوبرازلارنىڭ تەمسىللىك ئىشارىسى بويىچە تۈزۈلگەن ئالدىنقى ئىككى مىسرا جەزمەن كېيىنكى ئىككى مىسرا بىلەن يوشۇرۇن ھالدىكى مەنە باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق مىسرالار ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسرانىڭ مەنە ۋەزىنىنى ئارتۇرۇپ،

جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراغا تېخىمۇ يۈكسەك ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، بىز يۇقىرىقى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۇبلېتىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: «ئات ئالساڭلار، تاي ئالماڭلار، يولغا كىرمەيدۇ.» بۇ ئىككى مىسرادا تەمسىللىك خاراكتېرىدىكى ئەقلىيە مەزمۇنى بار، يەنى ئات ئېلىشقا توغرا كەلسە تاينى ئالماسلىق كېرەك، چۈنكى تاي پىشمىغان، كۆنمىگەن، قىسقىسى يول بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇ چىرايلىق ۋە كۆرۈملۈك بولىدۇ، يۇلقۇنۇپ تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئۆزى قاۋۇل، قېشى قارا جۇۋانلارمۇ قولغا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا دەسلەپكى ئىككى مىسراسى ئات بىلەن باغلانغان قوشاقلار خېلى كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ. بۇمۇ خەلقىمىز نەزەرىدە ئاتنىڭ ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدىغان بىر نۇقتا.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «ياغاچ ئات»، «بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر» دەك كۆپلىگەن چۆچەكلەردە، شۇنداقلا «ئەمىر گۆر ئوغلى»، «كەنئان باتۇر» دەك بىرمۇنچىلىغان جەڭنامە ۋە ئەپسانىلەردىمۇ ھېكايە راۋاجى بىر ئاجايىپ ئات (دۇلدۇل) نىڭ ۋاستىسى بىلەن راۋاجلىنىدۇ.

يازما يادىكارلىقلىرىمىز ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئاتنىڭ ئاجايىپ ئوبراز سۈپىتىدە نامايان بولىدىغانلىقىنى روشەن كۆرەلەيمىز. بىز

مەڭگۈ تاشلىرىمىزدىن تارتىپ تاكى خەمسەلىرىمىزگىچە (بۇ ھەقتە كونكرېت مۇھاكىمە قىلغاندا بايان قىلىمىز) بىر ساماۋى ئات ئوبرازىنى كۆرىمىز. ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىن بۇيان بىزنىڭ فولكلورىمىز ھەم مىفالوگىيىمىز بىلەن قېرىنداش بولۇپ كېلىۋاتقان پارس ـ تاجىك فولكلورى ۋە مىفالوگىيىسىدىمۇ ئات ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى نامايەندىسى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «شاھنامە» دىمۇ تۇران پادشاھى ئەفراسىياب (ئالىپ ئەر تۇڭا) بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پادشاھى ئوتتۇرىسىدا بولغان تارىخي ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا، ئاپتور تۇران باتۇرى ئەفراسىياب مىنگەن ئات ئۈچۈن مەخسۇس مىسرالارنى قانداقتۇر قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مۇنداقلا تىزىپ قويغان ئەمەس ⑧، ئەلۋەتتە!

يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئاتتىن ئىبارەت بۇ ئەقىللىق ھايۋاننى ئىجىل قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى، ئاتقا چەكسىز مۇھەببەت باغلىغانىدى، ئۇلارنىڭ بارلىق كەچمىش تارىخى ئات بىلەن چەمبەرچەس بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بەزى يات خەلق ۋە مىللەتلەرمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالاتتى، بۇ ئاتلارنى ئالاھىدە قىلىپ «ئۇيغۇر ئاتلىرى» دەپ تىلغا ھۆرمەت بىلەن ئېلىشاتتى. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىنىڭ شائىرەسى خۇارۇيىنىڭ «قەسىر بەزمىسى» ناملىق شېئىرلىرى ئىچىدە «ئۇيغۇرچە ياسىنىش» ھەققىدە مۇنداق مىسرالىرى بار:

شاھىمىز چىقماقى چىللە ـ نەزرە ئايەم قىلغىلى،
بىللە چىقماقچى خېنىملار بەلگىلەندى ئاۋۋىلى.

مىنگنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
بۇ لىباستا جىلۋە قىلدى تال - چۈشقىچە بەللىرى. ⑨

تاڭ شائىرەسى خۋارۇي فۇرىن (بەرگى خېنىم) ئۆزىنىڭ بۇ مىسرالىرىدا تاڭ ئوردىسى كىشىلىرىنىڭ 12 - ئايدىكى چىللە ئايىمىگە خان (پادىشاھ) باشچىلىقىدا ئۇيغۇرچە ياسىنىپ چىققانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ يەردە شائىرە ئوردا كىشىلىرىنىڭ كۆركەم ۋە ئويناق ئاتلىرىنى «ئۇيغۇر ئېتى» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بولۇپمۇ پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ زامانىدىكى كەييۈەن - تيەنباۋ (713 - 756) يىللىرى تاڭ سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى خەلقى ئۇيغۇرلاردىن مەدەنىيەت ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىغان، دېسەك ئارتۇق كەتمەس دەيمەن. چۈنكى شۇ چاغلاردا تاڭ سۇلالىسىدىكى قىز - ئاياللار ئارىسىدا ئۇيغۇرچە ياسىنىش ئادىتى ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەن. سازەندىلەرنىڭ سازنى ئۇيغۇرلاردەك چېلىشى ئەڭ يۇكسەك ماھارەت پەللىسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش زىبۇ زىننەت تاقاش، ئۇيغۇرچە تىل ئۆگىنىش ھەم ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرلاردەك ئات مىنىشنىمۇ (چەۋەندازلىقنىمۇ) ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالغان. بۇ ھەقتە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر يۈەن چېڭ ئۆزىنىڭ «نەمۇنىلىك نەغمىلەر» (فاچۇي) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسىماق قىز - ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇمۇرۇغ ئاتەشىنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۆيى ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ زىنىنەت، تىل ئۆگىنىش.
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن
بۇيان. [10]

شۇ چاغلاردىكى تاڭ شائىرلىرىنىڭ يەنە بەزى
نەزمىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا
ئات ئۈستىدە تەنتەنە بىلەن ئوينايدىغان ئۇسۇللار بولغان.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ
خىل ئۇسۇللىرى چاڭئەندە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر پەيدا
قىلغان. ۋاڭ جيەن ئۆزىنىڭ «بېيىت ـ نەزمە» ناملىق
شېئىرىدا ئات مىنىپ ئوينايدىغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى مۇنداق
مىسرالار بىلەن بايان قىلىدۇ:
ناخشا بىرلە تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشتى ئۇيغۇرلار راۋان،
قاشلىرى ھەم سېكىلەكلەر ياڭزىسى يۈز خىل ئايان.
داپ چېلىپ چىقسا ئۇلار ئالتە تەرەپتىن ئات مىنىپ،
ئۇچىرىشىپ ئوينار ئۇسسۇل مەس كىشىدەك ھەر
تامان. [11]
بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاتنىڭ ناھايىتى
مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر
پاكىتتۇر.
تارىختىن بۇيانقى تۈرك قاغانلىقلىرىدا، جۈملىدىن
ئۇيغۇر قاغانلىقلىرىنىڭ چارۋىچىلىقىدىمۇ ئات بېقىش
كەسپىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغانىدى. تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقلىرى

ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئات سودىسى بولغان. ئۇيغۇر قاغانلىقلىرى تاڭ سۇلالىسىغا سانسىز قېتىم تۇركۇملەپ ئات سېتىپ بەرگەن. بۇنى تاڭ شائىرى بەي جۈيىنىڭ «چۇغاي يوللىرى» ناملىق شېئىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

چوغاي يولى، چوغاي يولى، بۇ ئۇزۇن يوللار،
قارا دۆڭنىڭ سۇيى ئەلۋەك، بۇلاق قاينايدۇ.
ئۇيغۇر ئەھلى ئات ساتقىلى كەلسە ھەر قېتىم،
بۇ يوللارنىڭ بويلىرىدا گىياھ قالمايدۇ.[12]

ئات قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ تەركىبىدىمۇ ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرى كۆپ. مەسىلەن ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش، ئات ئۈستىدە چېلىشىش، ئات ئۈستىدە جانبازلىق قىلىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىقلار بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا يەنە ئات ئۈستىدە چەۋگەن توپ ئويناش مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە بىر خىل تەنتەربىيە تۈرىمۇ بولغان. بۇ تەنتەربىيە تۈرىنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت. «تۈرك قامۇسى» نىڭ 29 - توم 383 - بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇگۈنكى ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى ئات ئۈستىدە ئويناپدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا

uyghurkitap.com

كىرگەن. ئېنگلىزلار ھىندىستاندا بۇ ئويۇننى كۆرۈپ قوبۇل قىلدى ۋە ياۋروپاغا ئېلىپ باردى، ئۇ يەردە «بولو» نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى.»

ئۆزگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا، تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېيتقاندا مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئات ئۈستى تەنتەربىيە ھەرىكىتىدۇر. ئىلمىي تەتقىقاتلار ئارقىلىق چەۋگەن ئويۇنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى دەلىللەندى. [13]1970 - يىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن 7 - ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان چەۋگەنچىنىڭ ھەيكىلى تېپىلدى. بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 37 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چەۋانداز بېشىغا سەل ئۇچلۇق، ئېگىز تۇرك (ئۇيغۇر) بۆكى كىيگەن، ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر تونى ۋە ئۆتۈكى كىيگەن، ئوڭ قولىدا توپ كالتىكىنى تۇتقان ھالدا كۆزىنى يەرگە تىكىپ بىر ئاق ئات ئۈستىگە ئولتۇرىدۇ. بۇ ھەيكەل ئەينى چاغدىكى چەۋگەن توپ مۇسابىقىلىرىنىڭ ئىنتايىن جىددىي ۋە كەسكىن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن[14] چەۋگەن توپ ئويۇنى يالغۇز تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىلا راۋاجلانغان تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر زېمىنلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل مىللىي تەنتەربىيە تۈرى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» دە ئۆگدۈلمىشنى ئىلىككە قانداق ئادەم ياخشى ئەلچى بولالايدىغانلىقى ھەققىدە ھېكمەت سۆزلىتىپ كېلىپ، ئەلچى بولغۇچى جەزمەن مۇنداقمۇ بىر شەرتنى

ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك، دەيدۇ:
2635. ئۇ (ئەلچى) بىلسۇن چەۋگەننى ئاتار بولسۇن ئوق،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق.
(چەۋگەن ئويۇنىدا ماھىر بولسۇن، ئوقمۇ ئاتالسۇن، قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرسۇن.)
مەزكۇر مىسرالار چەۋگەن ئويۇنىنىڭ قەدىمدە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بىلمىسە ئەيىپ سانىلىدىغان بىر خىل مۇھىم تەنتەربىيە تۈرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە، چەۋگەن توپ ئويۇنىنىڭ قاراخانىلار زېمىنىدىمۇ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭمۇ ئاتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ئاتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا نەقەدەر يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتىدۇر.
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىزگە يەنە نۇرغۇنلىغان تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. دىققەت بىلەن كۆزەتسەك، بۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، قازاقىستان ئالمۇتا شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر شەرقىگە توغرا كېلىدىغان ئىسىك دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىن بىرمۇنچىلىغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى دۇنيا ئالىملىرىنىڭ بىردەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان پادىشاھنىڭ تاجىغا تۆت ئاتنىڭ ئاجايىپ ئوبرازلىق تەسۋىرى

چۇشۇرۇلگەن. بۇ ئاتلار ناھايىتى كۆركەم ۋە مەغرۇر تەسۋىرلەنگەن. يەنە مۇشۇ قەبرىستانلىقتىن يارقىن ئات ئوبرازى چۇشۇرۇلگەن، يەنى ئات نۇسخىلىق ئالتۇن قاداق تېپىلدى[15] نىيىدىن تېپىلغان نەقىشلەنگەن رەڭلىك ئۇستەل پۇتلىرىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئات تۇۋىقى شەكلىدە ياسالغان »[16]1977 ـ يىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۇرۇش ئارقىلىق ئاقچى ناھىيىسىدىكى قولانسارىق مازىرىدىن ئات سۈرەتلىك ئالتۇن بولاپكا تېپىلدى. بۇ بولاپكا ئىنتايىن كۆركەم، سەنئەتلىك ۋە ئوبرازلىق ئىشلەنگەن. مەزكۇر[17] بولاپكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىر ئېگىزلىكى 3 سانتىمېتىر بولۇپ، مىلاددىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ~ 2 ـ ئەسىرلەرگە تەۋەدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىلىرى، پىچاندىكى سۇ بېشى ۋە توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ ناھايىتى كۆپلىگەن ياغاچتىن ۋە برونزىدىن ياسالغان بويۇملار ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى برونزا بېزەكلەرگە جۇپ ئات سۈرىتى ئىنتايىن سەنئەتلىك چۇشۇرۇلگەن[18] . ئۆز ۋاقتىدا رايونىمىزدىن تېپىلغان بەزى ھەيكەللەر ئات ئوبرازىدىن ئىبارەت بولغان. بەزى ھەيكەللەرنىڭ (ئات ھەيكەللىرىنىڭ) شەكلى ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ يۇكسەك پەللە ياراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە بەزى ھەيكەللەردىكى ئاتنىڭ بېشى ئادەمنىڭ بېشى بىلەن ئاتنىڭ بېشىنىڭ بىرىكتۇرۇلۇشى ئاساسىدا ياسالغان، بۇ «باش» بىر قارىماققا ئادەمنىڭ بېشىغا، يەنە بىر قارىماققا ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ.[19]

بۇنداق تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىمىزنى يۈزلەپ مىسال ئېلىشىمىز مۇمكىن. قىسقىسى بۇنىڭدىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ھەققىدىكى مەنىۋى قاراشلىرىنىڭ روشەن ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئاتنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىدا بۇنداق مۇستەھكەم مەنىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى، ئۇ قولغا كۆندۈرۈلگەندىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى ئەجدادلىرىنىڭ ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىيالىغانلىقىدىنلا ئەمەس، يەنە ئۇلارنىڭ ئۇۋچىلىق ۋە ھەربىي ئۇرۇشلىرىدىمۇ ئۆچمەس تارىخىي ئەھمىيەتلىك روللارنى ئوينىيالىغانلىقىدىندۇر. بۇ نۇقتىلارنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان يادىكارلىقلىرىمىزمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، بىز مۇنۇ بىر نەچچە يادىكارلىقنىلا ۋەكىل قىلىپ كۆرۈپ ئۆتەيلى: دۇنخۇاڭ بۇددا مىڭئۆيىنىڭ 249 ـ غارىغا (غارىنىڭ تورۇسىغا) مۇنداق بىر نەپىس رەسىم سىزىلغان: ئاقۇش كۆك رەڭلىك بىر دۇلدۇل (دۇلدۇل قاناتلىق قىلىپ سىزىلغان) ئۇچۇپ كېتىۋاتقان، يەردە بولسا بىر تورۇق ئات مىنگەن ئۇۋچى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەجدىھانى ئوقيا بىلەن ئېتىۋاتقان، ئۇنىڭ كەينىدە بىر قارا ئاتلىق چەۋەنداز ئۇچقۇر قارا ئېتىنى مىنىپ يارەمگە كېلىۋاتقان. .

بۇ كۆرۈنۈشتە قاناتلىق دۇلدۇلنىڭ ئۇۋچىلارغا (جەڭچىلەرگە) پۈتمەس مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىۋاتقانلىقى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇ يەردە ئاتنى ئىلاھىي تەرىزدە چۈشىنىشنىڭ جانلىق ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت ئۇۋچىلىق تۇرمۇش كارتىنىسى چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك رەخت پارچىسىدىمۇ ئاجايىپ ئۇچقۇر ئاتنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقان چەۋەنداز كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوقيانى شىرغا قارىتىپ ئېتىۋاتقان مەنزىرە تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتكەن.[20] بارىكۆلنىڭ كۆكتۆپە، بورچىنىنىڭ ئىككى تاش، ئاقسۇ كونا شەھەردىكى بوزدۆڭ، گۇما ناھىيىسىدىكى كىيىك تۇز قىيا تاش سىزمىلىرىدىمۇ ئات ئۈستىدە ئۇۋچىلىق قىلىۋاتقان ئوبرازلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاتنىڭ ئاجايىپ رولىنىڭ ھەربىي ئۇرۇشلاردىكى تەڭداشسىزلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك ئاساندۇر.

ئاتنىڭ جەڭدىكى رولىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن قىياتاش سىزمىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە، بىز پاكىت قاتارى نايىن چوققىسى قىياتاش رەسىملىرى بىلەن ئاردىم جىلغىسى (قۇمۇلدىكى) دىكى قىيا تاش رەسىملىرىنى كۆرسىتەلەيمىز. نايىن چوققىسىدىكى قىياتاش سىزمىلىرى ئارىسىدا ئاتقا مىنىپ ماڭغان، ھارۋا ھەيدەپ ماڭغان، ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلىۋاتقان، ئىككى تەرەپ بولۇپ جەڭ قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار. ئاردىم جىلغىسىدىكى قىياتاش سىزمىلىرىدا ئايلانمىسى 5.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 1 مېتىر كېلىدىغان بىر تاشقا چۈشۈرۈلگەن سىزمىلار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.[21] مەزكۇر تاشقا جەڭ مەيدانى سىزىلغان ئۈچ چوڭ مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىرىدە توققۇز ئاتقا توققۇز نەپەر چەۋەنداز مىنىپ، قوللىرىغا ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتۇشۇپ ئۆز ئارا ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش جانلىق ئىپادىلەنگەن. بارىكۆلدىكى قىياتاش سىزمىلىرى ئىچىدىمۇ

بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆپ يولۇقتۇرغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى رولى ھەققىدە دىققەتكە سازاۋەر بايانلار بار. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئەسكەر باشلىغۇچى (سانغۇن) كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دا مۇنداق مىسرالار بار:

277. ئۆزىگە بىر ئات، تون، قورال بەس يېتەر،
جاھانغا ئېتى بولسا مەشھۇر يېتەر.
2280. يىگۈزسە، ئىچكۈزسە، كىيگۈزسە كىيىم،
قورال، ئات، قىز، ئوغلان بېرىپ كۆپ قېتىم.
2317. تۈزى ھەم نېنى، ئېشى كەڭ بولغۇلۇق،
ئاتا ئات، قورال، تونمۇ تەڭ بولغۇلۇق.
2385. ئىگەر، ئات، ساۋۇتلار بولۇپ قىپقىزىل،
قىزارغان قىزىل يۈز بولۇپ ياپپېشىل.

بۇ مىسرالاردا سانغۇننىڭ ئاتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقىدىن ئىبارەت ئاتنىڭ جەڭدىكى رولى مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىڭ ھەر قانداقى تارىختا ئاتنىڭ رولىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ باتۇرانە ئۇرۇشلىرى «ئوغۇزنامە» ۋە مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدىن ئېغىز ئەدەبىياتىغىچە ھەر قانداق يازما يادىكارلىقىمىزدا ئات بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاتنى ئۇلۇغلاق دەرىجىسىدە چۈشىنىش ياكى ئىلاھىي

ئات قارشى ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي زاماندىنلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئاتنى ئۇلۇغلاش ھۇن دەۋرىدىلا بار بولغاچقا، تەڭرىقۇت ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە، ئۇلارنىڭ ئېتىنىمۇ بىللە دەپنە قىلىدىغان ئادەتلەر بولغان. سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يالغۇز كىشىلىك قەبرىلەر ئىچىدىن جەسەتلەر بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق ئاتمۇ تېپىلغان. بۇ ئاتلارمۇ خۇددى ئاشۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغاندەك، گۆر كولاپ دەپنە قىلىنغان. ھەر ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا قوشنىڭ پېيى قىستۇرۇلغان. ئاتلار ئىگەر ـ توقۇم توقۇلغان ھالەتتە كۆمۈلگەن.[22]

1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقتا قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. قەبرىستانلىق زاغۇنلۇق يېزىسىغا يېقىن بولغاچقا، «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ قەبرە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىن جەسەت بىلەن بىرگە، ئات تېرىسى، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى قاتارلىقلارمۇ تېپىلدى. بۇلارنىڭ تارىخىمۇ كاربون (X Ⅳ) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىنغاندىن كېيىن، 2960 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. دېمەك، بۇ ئەمەلىي پاكىتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي زاماندىن تارتىپلا، ئاتنى ئۆزلىرىنىڭ ئايرىلماس قانىتى، دەپ بىلگەنلىكىنى ھەمدە ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تاكى بۇگۈنگىچە «دۇلدۇل»، «تۇلپار» توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. بۇ «دۇلدۇل»، «تۇلپار» لار قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغان ساماۋى ئاتلاردۇر. مانا بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيا قارىشىدا، ئاتنى قانچىلىك ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىدە چۈشىنىدىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر نۇقتىدۇر. بۇ خىل ئىلاھىي ئات ئاتالمىسى قەدىمدىنلا بار ئىدى. تۇرپان بېزەكلىكتىن تېپىلغان مانى دىنى مەزمۇنىدىكى مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەۋە دەپ قارالغان «ئەزگۈ تاتىغ نوم» دە مۇنداق بايانلار بار:

« 16. əp θzlüg baɣ 1 (ī)o atingiz
17. b(ə)rk biligingiz ɣala süngüz
18. alp ard ə milig alpaɣ utunguz
19. k (a) 1tī bu tərt sawaɣ zongīzda
20. tutsarsīz inqip uluɣ tarda
21. munda kur — tuloɣay — siz . . . ol »

(يەشمىسى: تۇلپار نەسىللىك ئېتىڭىز، مۇستەھكەم ئەقىل ـ پاراسىتىڭىز، قەيسەر قوشۇنىڭىز ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك باتۇرلىرىڭىز [بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي] بۇ تۆت سۆزنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمىسىڭىزلا، ئاندىن زور ئازاپتىن، مۇڭدىن قۇتۇلالايسىز. . . بۇ)[23]

دېمەك قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز ئارىسىدا ئاتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىلاھىي ئوبرازلىرى بولغان. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىمۇ بۇنداق «دۇلدۇللار» (ئىلاھىي ئاتلار) كۆپ

ئۇچرايدۇ. بۇ «دۇلدۇل» خۇددى «ئوغۇزنامە» دىكى كۆك نۇر ئىچىدە زاھىر بولىدىغان كۆك يايلىلىق ئەركەك كۆك بۆرىدەك ئاتنىڭ ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى بىز يۇقىرىقى بىر قاتار ئەمەلىي تارىخىي پاكىت ۋە مۇلاھىزىلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، ئاتنىڭ بۈيۈك ئوبرازى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن. تارىختا ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا پۈتمەس ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن قاتناش ئالاقىسى ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆردۇق. يەنە ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاجايىپ پارلاق ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت (برونزا يولى مەدەنىيىتى، ئېلىنىزم، يىپەك يولى مەدەنىيىتى) لىرىنى كۆردۇق ۋە قوبۇل قىلدۇق. ئاتنىڭ ئالەمشۇمۇل رولى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە غايەت زور بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاياتىنىڭ بولۇپمۇ مەنىۋى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەكشى ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ئاتتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماي، ئاتقا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ يېقىن ھەمراھى سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن. شۇڭا، قەدىمدىن

ئۇيغۇرلار ئىچىدە «ئەر قانىتى ـ ئات» دېيىدىغان سۆز بار.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئاق ئات (ئىلاھىي ئات) نى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ۋە «ئىرق بىتىگ»

ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا بەخت، ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجانابلىق چۈشەنچىلىرىگە ئىگە ئىدى. بۇ خىل چۈشەنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى. تارىخىي ئېپوسىمىز «ئوغوزنامە» دە ئوغۇز خاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلىبىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، قىرىق غۇلاچلىق ئاق خادا ئاستىغا ئاق قوينى باغلىشى بەخت ۋە ئامەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېسىپ بولۇشىغا قارىتا ئىشەنچنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر، ھەتتا شىمالدىكى كۆپلىگەن ئاتلىق خەلقلەردە، يەنى ئالتاي مەدەنىيىتى چەمبىرىكى دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە بار ئىدى. «بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللارچە ئىلگىرىكى قىيا تاش سىزمىلىرىدىن بىز ئاتنىڭ ئىلاھىي ئوبراز تىمسالىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزلىرىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى قىياتاش سىزمىلىرىدا بىر توپ تۇغ قادالغان ياۋا يىلقىلارنىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان چەۋەندازلارنىڭ ئوبرازلىرى بار. خانتەڭرى، ئالتاي، كۇئېنلۇن، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى قىيا تاش

سىزمىلىرىدىمۇ بۇ خىل ئوبرازلار بار. يەنە مەسىلەن، چىڭگىزخان ھەربىي يۈرۈشىدە سەپنىڭ ئالدىدا ھامان مەخسۇس بىر ئادەم يېتىلىگەن، ئۇرۇش ئىلاھى ئۈچۈن تەييارلىغان ئاق ئاتنى ماڭغۇزىدۇ. سىماچيەن[24] «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «ھۇنلار ھەقىدە قىسسە» دە، ھۇنلارنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان ھايۋانلىرى ئىچىدە قولان (ياۋا ئات) نى نۇقتىلىق تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھۇنلار ئۇرۇشقا چىققاندا ياكى ياغى (دۈشمەن) نى قورشىۋالغاندا، ھامان غەرب تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئاق ئاتتىن تەركىب تاپقان ئەڭ باتۇر قىسمىنى ئورۇنلاشتۇراتتى.[25] دېمەك، ھۇن دەۋرىدىمۇ ئاق ئاتلىق قوشۇننى ھەممىدىن قۇدرەتلىك قوشۇن دەپ قارىغان. بۇ يەردە يەنە ھۇنلارنىڭ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش قارىشى گەۋدىلىنىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200 - يىللاردا مودۇ تەڭرىقۇت (باتۇر تەڭرىقۇت) 400 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغان ھەمدە مودۇ تەڭرىقۇت خەن گاۋزۇنى ھازىرقى داتوڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىر نەچچە يۈز مىڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇپ تەرىپىنى چىلان تورۇق ئاتلىق 400 مىڭ ھۇن ئاتلىق قوشۇنى قورشىۋالغان[26]. تۈركىي خەلقلەرمۇ جەڭلەردە بىر ئاق ئاتنى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇرغان، بۇمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاق ئاتنى نۇسرەت ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى

سۇپىتىدە چۇشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.[27]

بۇ خىل ئاق ئاتلىق قوشۇننى ھەممىدىن قۇدرەتلىك قوشۇن بىلىش، ئاق ئاتنى غالىبىيەت ئىلاھى سۇپىتىدە چۇشىنىش قارىشى زادى قانداق پەيدا بولغان؟ نېمە ئۇچۇن قەدىمكىلەر ياغى (دۇشمەن) نى قورشىۋالغاندا ھامان غەرب تەرەپكە ئەڭ قۇدرەتلىك بولغان ئاق ئاتلىق قوشۇننى تۇرغۇزىدۇ؟

قەدىمكىلەرنىڭ شامان ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۇرلۇك رەڭ ئارقىلىق تۆت تەرەپ بەلگىلىنەتتى. يەنى كۆل رەڭ شەرق تەرەپنى، قىزىل رەڭ جەنۇب تەرەپنى، ئاق رەڭ غەرب تەرەپنى، قارا رەڭ شىمال تەرەپنى كۆرسىتەتتى.[28] مۇشۇ قاراش بويىچە ئاتلارنىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز رەڭ تۇرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تەشكىللىگەن. قەدىمكى تۇركىي خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىدا يەنە كۆپلىگەن مەبۇدلار بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس مەبۇد (ئىلاھ) لاردىن «كۆن تەڭرى»، «كۆك تەڭرى»، «ئاي تەڭرى»، «يەل تەڭرى» (شامال - بوران ئىلاھى) . . . قاتارلىقلار بار ئىدى.[29] «كۆن تەڭرى» نى ئۇلۇغلاش تارىخى ئەجدادلىرىمىز تارىخىدا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار كۈن چىقىش (شەرق) تەرەپنى ئۇلۇغلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ بۇ قاراشنىڭ مۇئەييەن ئىزنالىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن ئۇيغۇرلاردا كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ تەرەت قىلىسا يامان بولىدۇ، دەيدىغان قاراش ھازىرمۇ بار. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنى قەدىمدىن كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ سالىدۇ. ئۆيلىرىگە

كۆن نۇرىنىڭ چۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۈگۈلۈك قويىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈگۈلۈكسىز ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دەيدىغان قاراش ھازىرمۇ بار، ۋاھاكازا . . . ئەجدادلىرىمىز-نىڭ قەدىمكى قاراشلىرىدا غەرب (كۈن پېتىش) تەرەپتىن ھامان ئاسمان بالا - قازا يېتىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بولغاچقا، ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ غەمخورلۇقىغا مۇيەسسەر بولالايدىغان ئاق ئاتلىق ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇننى غەرب (كۈن پېتىش) تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرغان. يۇقىرىدا زىكرى قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا پاكلىق، ئالىيجانابلىق، ئامەت چۈشەنچىلىرىنى بەرگەن «ئاق» رەڭ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا يەنە «يورۇقلۇق» چۈشەنچىلىرىنىمۇ بەرگەن. «يورۇقلۇق» ئەلۋەتتە قۇياش بىلەن مۇناسىۋەت-لىك. شۇڭا بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئاق» رەڭنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئانىمىزملىق قاراشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق دەپ ئېيتالايمىز. دېمەك، يۇقىرىقى سوئاللارغا مانا مۇشۇ يەردىن جاۋاپ چىقىدۇ.

بىز ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنى ئاجايىپ كۆپ مەنبەلەردە كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، ھازىرقى دۇنخۇاڭ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا «ئاق ئات مۇنارىسى» (白马塔) دەپ ئاتالغان بۇددا بىناكارلىق مەدەنىيىتىگە خاس (مۇشۇ مۇنار بىلەن شەكىل جەھەتتىن تامامەن ئوخشايدىغان بۇددا دىنى دەۋرىگە ئائىت مەدەنىي بويۇملار ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپ تېپىلدى. مىلادىيە 8 - ئەسىرگە تەۋە بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان مۇنارسىمان رەڭلىك سادىرا قوتىسى ھازىر بېرلىن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.[60] مانا بۇ دەل «ئاق ئات

مۇنارى» غا ئوخشايدۇ، بۇ قۇتىمۇ نەق ئەشۇ مۇنارغا ئوخشاش توققۇز قەۋەتتۇر) بىر ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مۇنارنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇنارنىڭ ئالدىدا مۇنداق خاتىرە قەيت قىلىنغان: «كۇسەن خانلىقىدا دۇنياغا كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ بۇيۇك پەيلاسوپى، كامالەتكە يەتكەن نوم تەرجىمانى، ئۇلۇغ بۇددا ئۇستازى كۇماراجىۋا (鸠摩罗什، مىلادىيە 344 ~ 413 - يىللار) مىلادىيە 384 - يىلى بۇددا مىزانلىرىنى شەرققە تارقىتىش ئۈچۈن چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ «تۇلپار» دەپ ئاتالغان ئاق ئېتىنى مىنىپ دۇنخۇاڭغا كەلگەندە، ئېتى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئات مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مەزكۇر «ئاق ئات مۇنارىسى» ئورنىتىلغان. مۇنار توققۇز قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان...»

بەزى يىلنامىلەر بۇ خاتىرىدىكى يىلنامە بىلەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، بەزى ماتېرىياللاردا كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياۋشىڭ 401 - يىلى ياۋشۇدېنى ئېۋەتىپ كۇماراجىۋانى چاڭئەنگە تەكلىپ قىلغان. كۇماراجىۋا 401 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (58 يېشىدا) چاڭئەنگە كەلگەن دېيىلىدۇ.[31] بىراق بىز گەپ كېرىكى يىلنامە بولمىغاچقا بىز بۇ ئىككى يىلنامە ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلىمىز. يۇقىرىقى خاتىرە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، بۇددىزم مەدەنىيىتىدە ئاجايىپ تۆھپىلەر ياراتقان كۇسەن (كۇچا) ئۇيغۇرلىرىمۇ ئالاي ئېتىقاد دەۋرلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ بۇددىزم دەۋرگە كەلگەندىمۇ يەنىلا ئاق ئاتنى ئىلاھىي تەرىزدە

چۈشىنىش قارىشى مەۋجۇت بولغان. شۇڭا ئالىم كوماراجىۋا ئۇلۇغ سەپەرگە ئاق ئات مىنىپ چىققان ۋە ئاق ئاتنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن شۇنچىلىك ھەيۋەت خاتىرە مۇنارى سالغۇزغان.

قىزىل مىڭئۆي 14 - غارنىڭ سول تەرىپىدىكى تامدا «تۇلپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى» ناملىق بىر رەسىم بار.⑫ رەسىمدە بىر ئاق تۇلپارنىڭ ئىككى ئادەمنى مىنگەشتۈرۈپ دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھېكايە ئەسلى «پرامىتا سۇترا» ناملىق ئەقىل ئارقىلىق ئازاب دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش مەسىلىلىرى سۆزلىنىدىغان بۇددا نومىدىكى بىر ھېكايە ئىدى. بۇ ھېكايىدىكى ئاتنى پارلاق كۆسەن مەدەنىيىتىنىڭ ساھىبلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئاق تۇلپار تىمسالىدا ئۆزلەشتۈرگەن ۋە شۇنداق ئەكس ئەتتۈرگەن.

1981 - يىلى، گەنسۇنىڭ تاللىق ( 柳园 ) دائىرىسىدىكى سەنۋېي تېغى ( 三危山 ) نىڭ لاۋجۈن دېگەن يېرىدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 - ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان بىر پارچە خىشقا ئاتنىڭ سۈرىتى ئويۇلۇپ ئاق سىرلانغان، دېمەك ئەسلى ئاق ئات ئوبرازى ئويۇلغان. مەزكۇر خىشقا «دۇلدۇل خىشى» ( 搏天马 ) دەپ نام قويۇلۇپ، ھازىر دۇنخۇاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. دۇنخۇاڭ بۇددا مىڭئۆيلىرىدىمۇ ئاق ئاتنىڭ ئوبرازىنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، 329 - نومۇرلۇق غارنىڭ تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ساقاللىق چەۋەندازنىڭ ئىلاھىي ئاق تۇلپارنى مىنگەن سۈرىتى ناھايىتى ئوبرازلىق چۈشۈرۈلگەن. 257 - نومۇرلۇق غارنىڭ تۆر تېمىغا ئۈچ

ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىقتا يارىغۇدەك؛ ئۆيىگە كېلىپتۇ، ئۇچىنچى قۇنچۇيى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە يارىغۇدەك، خۇشال ــ خۇرام بەگ ئەر (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدىكى ئاق ئات ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئات بولماي بەلكى «باتۇر بەگ» كە ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى كاھىندۇر. ئەڭ سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئاق بايتال تەڭرى بىلەن (باتۇر بەگنىڭ تەڭرىسى بىلەن) ئەڭ يېقىن ئاتتۇر. شۇڭا، ئۇ بىر ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىققا يارىغۇدەك قۇلۇن تۇغۇپ، ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن «باتۇر بەگ» نىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن. قىسقىسى، ئاق بايتالنىڭ قۇلۇنلىشى «باتۇر بەگ» كە چەكسىز شادلىق ۋە بەخت ئېلىپ كەلگەن. بۇنداق چۈش كۆرۈش ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن بېشارەت بولىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدىن قېلىپ قالغان ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاتنىڭ مۇئەييەن باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۇرۇدىغان، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھېكايەتلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. بولۇپمۇ، قۇمۇل رايونى ۋە پىچان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

«ئوغۇل پەرزەنت دۇنياغا كەلگەندە، بۇ ئالەم قۇدرەت كۆچى، بۇيۇكلۇك، جاسارەت، قەھرىمانلىق روھىنى سېزىپ، غۇرۇردىن تاغلار سىلكىنىپ، سۇ ئاستىدىكى تاشلارمۇ شادلىنىپ كۈلەر ئىكەن، بۇغا ــ ماراللار قىردىن ــ قىرغا شادلىنىپ چاپار، دۈلدۈل ئاتلار كىشنەپ يولغۇنار ئىكەن...»

دېمەك بۇ يەردە «ئوغۇل بالا توغۇلسا دولدۇل ئاتلارمۇ شادلىنىپ كىشنەپ، يۇلقۇنىدىكەن» دېيىش ئارقىلىق ئاتنىڭ ئەر قانىتى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇن جانلاندۇرۇلغان. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ يەردە ئاتنى ئۇلۇغلاشنىڭ مۇئەييەن قارىشى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئىرق بىتىگ» دە ئاق ئات ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر چۈش تەبىرى بار:

29. «ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۆز قارىشىنى تاللىۋېلىپ، ئەپۇ - ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇدەك. قورقما، ياخشى ئۆتۈن، ئايانماي ياخشى دە، يالۋۇر، دېگۈدەك. شۇنداق بىلگىلاركى بۇ ئەزگۇ.»

مەزكۇر چۈش تەبىرىدە ئاق ئات ئۆز قارشىسىنى تاللىۋېلىپ ئەپۇ - ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇ دېيىلىش ئارقىلىق ئىلاھىي ئاق ئات بىلەن روبىرو، قارىمۇ قارشى تۇرىدىغان بىر كۈچنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ كۈچ ئەمەلدە ئازغان روھ يەنە يامان كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىي ئاق ئات ئۇنى تەڭرىنىڭ (ئەڭ قۇدرەتلىك ئىلاھىي كۈچنىڭ) ئالدىغا ئەپۇ - ئۆتۈنۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنى بارلىق گۇناھلارنى تەڭرىدىن تىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. دېمەك بۇ جەزمەن ياخشىلىق بېشارىتى بولىدۇ. بۇ چۈش تەبىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئاتنى ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك ئىلاھى سۈپىتىدە چۈشەنگەنلىكى تېخىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاق ئاتنىڭ بۇنداق، ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك، نۇسرەت ئىلاھىغا ئەڭ يېقىن ئوبرازى بىزنىڭ باشقا يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بەزى

يادىكارلىقلىرىمىزدا ئاق ئاتنى قەدىرلەشنى بىلمەي، يامان روھلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئاق ئاتنى نەزەردىن ساقىت قىلىش بەك زور پالاكەتچىلىكلەر ئېلىپ كەلگەنلىكى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇمۇ ماھىيەتتە يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدە ئەكس ئەتكەن قاراش بىلەن تامامەن ئوخشاش قاراشتۇر. مەسىلەن كۆرەيلى: مىلادىيە 405 ـ يىلى بۇددىزم ئۇستازى، نوم تەرجىمانى كوماراجىۋا «سۇترالاڭكارا شاستر» ناملىق ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەپسىر نومىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن.④ بۇ نومدا ئاق ئات ھەققىدە شۇنداق بىر چۆچەك بار:

«خاننىڭ جەڭگىۋار ئاتلىرى ناھايىتى خىل ئىكەن. بىر كۈنى خوشنا ئەلنىڭ خانى بۇ ئەلگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. خان چەۋەندازلارغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ چېگرانىغا بېرىپ ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن خوشنا ئەللەر بۇ ئەلنىڭ چەۋەندازلىرىدىن قورقۇپ ئىككىنچىلەپ ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپتۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە خان: «بۇنچە كۆپ جەڭگىۋار ئاتلارنى بېقىش دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى ھېچكىم بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدىغان بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتلارنى بېقىۋەرمەي ئىشلىتىپ كۈچىدىن پايدىلىنىش كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئاتلارنى يۇقرالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىش توغرىلىق يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. يۇقرالار جەڭگىۋار ئاتلارنى ئېلىپ كېتىپ ئۇنىڭ بىلەن تۈگمەن چۆرۈپتۇ. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بىر قوشنا ئەلنىڭ خانى بۇ ئەلگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپتۇ. خان ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭگىۋار ئاتلارنى يۇقرالارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىپ،

چەۋەندازلارنى تەشكىللەپ ئۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. جەڭگىۋار ئاتلار ئۆزۈن يىللار تۈگمەن چۆرۈش جەريانىدا بىر ئۇرۇندا چۆرگىلەپ مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، چەۋەندازلار ھەر قانچە قامچىلىسىمۇ چۆرگىلەش ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئەلنىڭ چەۋەندازلىرى بۇ قېتىمقى جەڭدە تامامەن مەغلۇپ بولۇپتۇ.»

بۇ چۆچەكتە گەرچە قارىماققا ئاتنىڭ قەدىمكى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئالاھىدە رولى تەكىتلىنىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە يەنە نېگىزىدىن ئاتنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، چۈنكى مەزكۇر چۆچەككە بېغىشلانغان قىزىل مىڭئۆي تاش كېمىرلىرى 127 ـ غاردىكى «جەڭگىۋار ئات بىلەن تۈگمەن چۆرۈش» ناملىق رەسىمدە، تۈگمەن چۆرۈۋاتقان بىر ئاق ئات بولۇپ، ئات (ئىلاھىي ئات) نى قەدىرلەشنى بىلمىگەن خان ۋە بۇخاننىڭ ئېلىدىكى خەلق ئەنە شۇنداق ياغى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولمىقى تامامەن ھەقلىق، دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ چۆچەك بۇددا دىنىدىكى مەلۇم «ھەقىقەت» نى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى تۇرغان گەپ. ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئېتىقاد مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بۇددا ئېتىقادى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئاتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاق ئاتنى مۇئەييەن سېھرىي تۈستە چۈشىنىش قارىشىنى يوقاتمىغان.

يۇقىرىقى ئىككى چۈش تەبىرى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

بۇ يەردە گېرى كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، ئەسلى ترانسكرىپسىيىدە يۇقىرىقى ئىككى چۈش

تەبىرىدىكى «ak at karsīsin üq bolu ta talulapan» بايانىنى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۆز قارشىسىنى تاللىۋېلىپ» دەپ يەشكەن.[37] ئەمما يەنە بەزىلەرى «ئاق ئات ئۈچىسىدىن ئۆزىنىڭ رەقىبىنى تاللىۋېلىپ»[38] دەپمۇ يەشكەن. كېيىنكى يەشمىدە سەل مەسىلە بار. بۇ يەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە «bolu ta» دېگەن سۆز «مەۋجۇدات» دەپ يېشىلگىنى توغرىدۇر. ئەلۋەتتە بۇ «ئۈچ مەۋجۇدات» قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيا قارىشىدا مۇئەييەن بىر مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

## 3. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى

بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ شامان دىنىنىڭ خېلى كۆپ ئالامەتلىرى ساقلىنىپ قالغان. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنلىرىمىزدەك شامان دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرى «كۆك تەڭرى»، «ئاي تەڭرى»، «ياشىن تەڭرى» (ھۆل - يېغىن ئىلاھى)، «يەل تەڭرى» (شامال - بوران ئىلاھى) . . . قاتارلىق بىر قانچە خىلغا ئايرىلاتتى. شامانىزملىق قاراشلار بويىچە يەنە ئاسمان (كۆك) تەڭرىمۇ ناھايىتى ئۇلۇغلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە كۆك تەڭرىگە يېقىن بولغان ئېگىز

تاغلارمۇ ئۇلۇغلىناتتى. «تەڭرى» ئەسلىدە شامان ئاتالغۇسى بولۇپ، تىلىمىزدا ئەزەلدىن «خۇدا» بىلەن تەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. شامانىزمدىن كېيىنكى ئېتىقادلىرىمىزدىمۇ «تەڭرى» ئاتالمىسى ئىشلىتىلگەن. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولىشىچە، مەزكۇر ئاتالما مىلادىيىدىن كۆپ ئىلگىرىلا ھۇن تىلىدا مەۋجۇت ئىكەن.[39] قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىدىن ھۇن تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى تەڭرى باللىرى دەپ قاراپ، «كۈن تەڭرى»، «ئاي تەڭرى» لەرنى ياراتقۇچىلار دەپ تونۇغانىدى. ئۇلار يەنە كۈن چىققاندا كۈنگە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. بەزى تەتقىقاتلاردا «ھۇن» ئاتالمىسىنىمۇ «كۈن» گە باغلىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «كۈنەس»، «كۆنچى دەرياسى» قاتارلىقلارنىمۇ كۈنگە باغلاپ[40] ئىزاھلىغان. يەنە بەزى تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلار ۋاپات بولغان كىشىلەرنى ئەڭ ئېگىز تاغلارغا دەپنە قىلغان. بۇ بىر تەرەپتىن ئەجدادلار روھى ئېگىزدە تۇرۇپ ھەممىنى كۆزىتىپ كىشىلەرگە مەدەت بېرىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىم راقى ئاسمان تەڭرىسىگە يېقىن تۇرىدۇ، دېگەن تەسەۋۋۇرغا[41] مۇناسىۋەتلىكتۇر. تۈرك قاغانلىقلىرى دەۋرلىرىدىمۇ تۈرك قاغانلىرى ئۆزلىرىگە «كۈن تەڭرىدىن بولمىش»، «ئاي تەڭرىدىن بولمىش» دېگەن شۆھرەت ناملىرىنى ئىشلەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم.

دېمەك شامان دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق قەدىمكى دەۋرىدىكى شامان ئېتىقاد

قاراشلىرىنىڭ ئىزنالىرى ئۇلارنىڭ پۇتكۇل مەنىۋى قاراشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. «ئىرق بىتىگ» گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ مەزكۇر ئېتىقاد قاراشلىرىنىڭ ئىزنالىرى روشەن ئەكس ئەتكەن. «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

25 ـ، 26. «مىنىش ئېتى شەرق تەرەپتە ھېرىپ ـ ئېچىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۇستىدە ئېقىن سۇ كۆرۈنۈپتۇ، دەرەخزارلىقتا يېشىل ئوت كۆرۈنۈپتۇ، ئات شۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپتۇ، ئوت يەپتۇ. (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە مىنىش ئېتى باشقا تەرەپتە ئەمەس، پەقەت شەرق (كۈن چىقىش) تەرەپتە ھېرىپ ـ ئېچىپ تۇرۇپ قالغاندا، تەڭرى (كۈن تەڭرى) نىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئوتلاق ۋە سۇ كۆرۈنۈپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. بۇنداق چۈش كۆرۈش ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن بېشارەتتۇر. بۇ چۈش تەبىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى قاراشلىرى ئاتىنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇلگەن. «كۈن تەڭرى» قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە قەدىرلىنىدىغان ئاتقا ئۆز قۇدرىتى بىلەن قايتا ھاياتلىق بەرگەن.

ئەمدى بىز يەنە دىققىتىمىزنى مۇنۇ چۈش تەبىرىگە مەركەزلەشتۇرەيلى:

52 ـ، 53 ـ، 54 ـ. «ئەر ئۆملەپ بېرىپ، تەڭرىگە

دۈچ كېلىپ، بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت بەخت ـ سائادەت بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول، دەپتۇدەك بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۇ.»

نېمىشقا تەڭرى ئۆز ئالدىغا كەلگەن بىچارە ئەرگە باشقا ئۇلاغ بەرمەي ۋە ياكى باشقا نەرسە بەرمەي يىلقا بېرىدۇ؟ بۇ شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا ئات ھەممىدىن قىممەتلىك بايلىق بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بولۇش شەرىپىگە مۇۋەپپەق بولالىغان. بۇ چۈش تەبىرىدە يەنە تېخى تەڭرىنىڭ بەخت تىلەپ كەلگەن ئۇ كىشىگە ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىشتىنمۇ ئىلگىرى يىلقىنى تىلغا ئېلىپ، «ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن» دېگىنى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. تەڭرىنىڭ ئۇنىڭغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغىنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا يىلقا (ئات) بەرگىنىدۇر. بۇ چۈش تەبىرىدىمۇ ئات «تەڭرى» نىڭ بەندىگە بېرىدىغان ئەڭ ئالىي سوۋغىسى (رەھمىتى) قىلىنىپ، شامان ئېتىقادى قاراشلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى يەنە بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئەمدى بىز مۇنۇ چۈش تەبىرىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى:

«ئالا ئاتلىق يول تەڭرىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن)، ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن. ئوتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى، ئادەم قورققانىدى. ‹قورقما، قۇت (بەخت) بەرگەيمەن›، دەپتۇدەكمەن. بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۇ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات

ھەققىدىكى قاراشلىرى تەڭرى چۈشەنچىسى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىندۇر. دېمەكچىمىزكى، شامان دىنىنىڭ دىنىي قاراشلىرىدا يول تەڭرىسىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە بىر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە ئالا ئات مەسىلىسىدۇر. بۇ يەردىكى ئالا ئات ھەرگىزمۇ ياۋا تاغىل ئات ئەمەس، چۈنكى بىزنىڭ سىزما ۋە يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىدا ياۋا تاغىل ئات ئوبرازى كۆرۈلمىدى. بۇ بەلكىم ئالاچىپار ئات بولۇشى مۇمكىن. ئالا چىپار ئات ئوبرازى بىزنىڭ سىزما ۋە يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا خېلى كۆپ ئۇچرىدى. ئا. ۋ. گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق ئەسىرىدە «ئىدىقۇتتىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئالاچىپار ئاتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنداق رەسىملەرنى مىڭئۆيلەردىكى تام سىزمىلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ» دېگەن[41]. دۇنخۇاڭ بۇددا مىڭئۆيىدىكى ئالاچىپار ئات[42] ئوبرازىمۇ مۇشۇ مەزمۇنغا مەنسۇپتۇر. قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ئىچىدىمۇ بۇنداق ئوبرازنى يولۇقتۇرۇش مۇمكىن. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي 14 - نومۇرلۇق غارنىڭ كېيىنكى بۆلۈمچىسىدىكى سول تەرەپتىكى تامغا چەۋەندازلارنىڭ يېقىملىق سىماسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر چەۋەندازنىڭ مىنگەن ئېتى ئالاچىپار دۇلدۇلدۇر.[43] 1972 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان لايدىن ياسالغان ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ھەيكىلىدە ئات ئالاچىپار بويالغان.[44] مەشھۇر ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاقاننىڭ مىنىدىغان ئېتى بىر چىپار ئايغىر ئاتتىن[45] ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئات ئوغۇز خاقاننىڭ قانىتىدۇر. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ئېپوسلىرىدىن «ماناس»، «ئالپامىش» لاردىمۇ قەھرىمانىنىڭ مىنىدىغان ئېتى ئالاچىپار دۇلدۇل ياكى ئالاچىپار دۇلدۇلغا باغلىنىدىغان ئاتلاردۇر. مەسىلەن، قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانىدا باتۇر ماناسنىڭ قولاتېيى گەرچە ئاق دۇلدۇل دەپ تەسۋىرلىنىپ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاق ئات ئىلاھىغا تىۋىنىش قارىشىنىڭ مۇجەسسەملەنگەن ئوبرازى سۈپىتىدە نامايان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەسلىنى يەنە ئايرىپ ئالتاينىڭ ئايدىڭ كۆلىدىكى ئالاچىپار دۇلدۇلغا باغلايدۇ. باتۇر ئالپامىشقا بىردىنبىر قانات بولىدىغان دۇلدۇل «بايچىپار» دەپ ئاتىلىدىغان دۇلدۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئەمەلىيەتتە ئالاچىپار ئاتتۇر.

نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئېپوسلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە قەھرىمانغا قانات بولىدىغان ئات بىر چىپار دۇلدۇلغا باغلىنىدۇ؟ بۇ چىپار دۇلدۇل قانداق كېلىپ چىققان؟

بۇ ھەقتە بىز تېخى بىرەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىگە ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ھەقتە بەزى قىياسەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى زۆرۈر تاپىمىز.

ئالاچىپار ئات قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى قاراشلىرىدا تەقدىر ئىلاھى مىنىدىغان ئاتتۇر. چۈنكى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن چۈش تەبىرىدىمۇ بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردىكى ئالا ئات مىنگەن تەڭرى ئەسلى ئەسەرنىڭ مەتنىدە « yol təngriman » (يول تەڭرىسىمەن) دېيىلگەن. بۇ مەتنى ئۇيغۇرچە

يەشمىسىدە «تەقدىر ئىلاھى» دەپ ئىزاھلانغان، خەنزۇچە تەرجىمىسىدە « 命运之神 » دېيىلگەن. بۇ جەھەتتە خاتالىق يوق، چۈنكى يول كۆرسەتكۈچى تەڭرى جەزمەن تەقدىر ئىلاھى بولالايدۇ. دېمەك مەزكۇر ئات يول تەڭرىسى (تەقدىر ئىلاھى) مىنىدىغان ئات بولغاچقا، بىزنىڭ بەزى سىزما يادىكارلىقلىرىمىزدا ئۇنى ئادەممۇ مىنىمىگەن. بەلكى ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن زىنىنەت بۇيۇملىرى تاقالغان، قۇيرۇقى تۈگۈلۈپ تىك قىلىنغان، بېشىغا پۆپۈكلۈك تاج بېكىتىلگەن ھالەتتە گەۋدىلەنگەن.[46]

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە ئالا ئات مىنگەن ئەلچى خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ جەزمەن ياخشىلىق بېشارىتى بولىدۇ، دەپ تەبىرلەنگەن. بۇمۇ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن:

16 ـ. «سېرىق ئاتلىق ساۋچى (خەۋەر يەتكۈزگۈچى)، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر) ئېلىپ كەپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى بۇ ئېنىق ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە ناھايىتى ئېنىقكى، تەقدىر ئىلاھى مىنىدىغان ئاتنى مىنىپ خەۋەر يەتكۈزگۈچى جەزمەن ياخشى خەۋەر يەتكۈزىدۇ، بۇ شۈبھىسىز ياخشىلىق بېشارىتى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا كائىنات ئۈچكە بۆلۈنگەن: كۆك پەرىشتىلەر ماكانى، يەر ئۈستى (پانىي ئالەم) بەندىلەر ماكانى، يەر ئاستى (باقىي دۇنيا ياكى جەھەننەم) جىن ـ شاياتۇنلار ماكانى بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەرىشتىلەر ماكانى بولغان كۆك ئاسمان ھەممىدىن ئۇلۇغلىناتتى. كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمىي دىنىي چۈشەنچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن يەتتە يۇلتۇز (ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە يەتتە ئىلاھ) چۈشەنچىسى كېلىپ چىقتى ۋە ئۇلار ئايرىم نام بىلەن ئاتىلىپ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە سۈپەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان (يەتتە يۇلتۇزنىڭ ھەربىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم ۋە جەھەننەم قوشۇلغان) دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلدى.[41] شۇنداق قىلىپ «توققۇز» مۇقەددەس سانغا ئايلاندى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس سانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. دېمەك «توققۇز» قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خاسىيەتلىك (ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچى) سانلارنىڭ بىرى بولغانىدى. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس سانلارغا بولغان قاراشلىرى يەنە ئاتقا باغلانغان ھالدا ئەكس ئەتكەن، يەنى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئىپادىسى بولغان مۇقەددەس سان «توققۇز» چۈشەنچىسى ئات ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. «ئىرق بىتىگ» دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار:

76 ـ، 77 ـ. «تۇغ ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ تىك قىل، ھورۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇپ بېرىپ، توققۇز قات تەرلىك ياپ، ياخشىلاپ تەرلىسۇن دېگۇدەك. بىلىڭلاركى بۇ يامانلىق.»

مەزكۇر چۈش تەبىرىدە بىزنىڭ دىققەت قىلىدىغىنىمىز «ھورۇن ئات» ۋە «توققۇز قات تەرلىك». ھورۇن ئات ئادەتتە تېتىك ئاتقا قارىغاندا ئانچە تەرلەپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا

خاسيەتلىك سان بويىچە يوپۇق ياپقان ۋە شۇ بويىچە تەرلەتكەن بىلەنمۇ ئۇ بەربىر ھورۇنلۇقنى تاشلىمايدۇ. بۇ چۈش تەبىرىدىكى «تۇغ ئات» غالىبىيەت ئىلاھى بولغان، سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئاتتۇر. قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز مەزكۇر «تۇغ ئات» نىڭ قۇيرۇقىنى تۇگۇپ قويىدىغان ئادەتكە ئىگە بولسا كېرەك. ئا. ۋ. گابائىن خانىمنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھاياتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 206 ـ بېتىدىكى 14 ـ رەسىمدىمۇ (بۇ ئەسلى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى رەسىم) «تۇغ ئات» نىڭ قۇيرۇقى تۇگۇلگەن. بەلكىم بۇ ئەھۋال قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى قاراشلىرىدا يەنە ياشىن تەڭرى (ھۆل ـ يېغىن ئىلاھى) مۇ ئەڭ مۇقەددەس تەڭرىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ياشىن تەڭرى بىزنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا شامان دىنىنىڭ باشقا تەڭرىلىرىدەك كۆپ ۋە گەۋدىلىك ئۇچرىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرىدە ياشىن تەڭرىنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن:

81 ـ، 82 ـ. «بوز بولۇت پەيدا بولۇپ، كىشىلەر ئۈستىگە يېغىن ياغدى. قارا بولۇت پەيدا بولۇپ، ھەممە ئۈستىگە يېغىن ياغدى. ئاشلىق پىشتى، ئوت ئۈندى. يىلقىغا، كىشىگە ياخشى بولۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.»

ئېنىقكى، بۇ چۈش تەبىرىدە يەنىلا ياشىن تەڭرىنىڭ خاسىيىتى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىنى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراشلىرى بىلەن بىرلەشكەن. بۇ يەردە ياشنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ئادەمدىنمۇ ئىلگىرى «يىلقىغا ياخشى» بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى نەقەدەر ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاتنى توتېممۇ قىلغانىدى. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلىش ھاجەتكى، ئاتنىڭ ئوبرازى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە باشقا ھەر قانداق ئېتىقاد ۋە توتېم ئىزنالىرىدىنمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئاتتىن باشقا بەزى توتېملىرىنىڭ ئىزنالىرى «ئىرق بىتىگ» دە ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بەزى چۈش تەبىرلىرىدە ئات باشقا توتېم شەكىللىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن:

52 ـ، 53 ـ، 54 ـ. «ئەر (ئادەم) سوقۇشقا بېرىپتۇ، يولدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا تورنا قۇش ئۇچراپتۇ. تورنا ئۇنى قانىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئاتا ـ ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۈ.»

بۇ چۈش تەبىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇشلارنى توتېم قىلغان قاراشلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ. توتېم دەۋرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تورنىنىمۇ ئۇلۇغلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي مەنبەلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ئىچىدە 38 ـ نومۇرلۇق ئاردا بىر ئادالەتپەرۋەر، باتۇر تورنىلار پادىشاھى ھەققىدىكى ھېكايە ئاجايىپ جىلۋىدار

ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر پارچە تام سۈرىتى بار.[48] شىمالىي جۇ خاندانلىقى (مىلادىيە 557 ـ يىلىدىن مىلادىيە 581 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» جىلدىدا مۇنداق بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: «تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى سۇ دەپ ئاتالغان ئەلدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەل ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ئىكەن. تۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگىنىڭ نامى ئاپاڭبو بولۇپ، ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا 17 قېرىنداش ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئېل كىنىشتۇ بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئاپاڭبو قاتارلىقلارنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ، دۆت ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئېلى ھالاك بولۇپتۇ. ئېل كىنىشتۇ ئالاھىدە سەگەك، ئۆتكۈر بولۇپ، شامال بىلەن يامغۇرنى چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەن، بۇ قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇ ئىككى قىز ھامىلدار بولۇپ تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق تۇرنىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ......»[49]

بۇ ئەپسانىدىمۇ تۈركلەرنىڭ بىر پۇشتى تۇرنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئۇستىدىكى نەقىشلەرگىمۇ گاھىدا تۇرنىنىڭ باش قىسمى ھەيكىلىنى چۇشۇرگەن ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ.[50] دېمەك بىزدە قەدىمدىن تۇرنا قۇشقا ھۆرمەت نەزەرىمىز بىلەن قارايدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى.

ئەمدى گېپىمىزنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، يۇقىرىقى تۇرنا قۇش تىلغا ئېلىنغان چۇش تەبىرىدە، تۇرنا بىلەن ئات بىرلىشىپ سوقۇشقا بارغان باتۇر يىگىتنى قۇتقۇزۇپ،

ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئېنىقكى، ئات قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى توتېم دەۋرلىرىدىكى توتېملىرى بىلەن بىللە هامان ئىز گۈلۈك، بەخت، ياخشىلىق قاتارلىق قاراشلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قىسقىسى، «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن.

## 4. «ئىرق بىتىگ» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن باشقا قاراشلىرى

«ئىرق بىتىگ» دە جەمئىي 16 چۈش تەبىرى ئاتقا باغلىنىپ شەرھلىنىدۇ. بۇ چۈش تەبىرلىرىنىڭ ئىچىدە يەنە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا توپلىغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئاجايىپ هېكمەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چۈش تەبىرلىرىمۇ بار. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى سىمۋولى سۈپىتىدىكى ئات ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغاندا ئۇنىڭ تەربىيىۋى قىممىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۇلار ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورىنى بېيىتىپ نۇرغۇن ئەقلىيە خاراكتېرىدىكى

ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكايەتلەرنى قالدۇردى. بۇنداق ئۇدۇم، مەنىۋى تارىخىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەچكە، بىز «ئىرق بىتىگ» دىكى بەزى چۈش تەبىرىدىمۇ بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرەلەيمىز. مەسىلەن:

36 -. «قارىغۇ قۇلۇن ئايغىرلار ئارىسىغا كىرىپ ئەتىدىن - كەچكىچە ئەمچەك ئىزدەپ ھېرىپ - ئېچىپ كېتىپتۇ، بىچارە قانداقمۇ قىلار. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

بۇ چۈش تەبىرىدە، قۇلۇن قارىغۇ بولغاچقا، بايتاللار ئېچىدىن ئەمەس، بەلكى ئايغىرلار ئارىسىغا كىرىپ ئەتىدىن كەچكىچە ئەمچەك ئىزدەپ ھېرىپ، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەن. بۇنداق چۈش كۆرۈش يامان تەرەپكە تەبىرلەنگەن. بۇ يەردىكى قارىغۇ قۇلۇن بەلكىم مەنىۋى قارىغۇلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۆزىگە ئوزۇقلۇقنىمۇ دەل ۋاقتىدا تاپالمايدۇ. مەنىۋى قارىغۇلۇق دۇنيادا ھەممىدىن پالاكەت زەبۇنلۇقتۇر. قايسى بىر ئاقىل «جاھان زىندانلىرى ئېچىدە ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىنداندەك دەھشەتلىكى يوق» دەپ توغرا ئېيتقان. «ئىرق بىتىگ» دە ئات پۈتۈنلەي ئىنسان تىمسالىدا گەۋدىلەنگەچكە، بىز ئۇنىڭغا ئىنساندا بولىدىغان ھەر تۈرلۈك مەنىۋى ئامىللارنى يۈكلىيەلەيمىز. دېمەك، قارىغۇ قۇلۇن مەنىۋى قارىغۇلۇق. بۇ مەنىۋى قارىغۇلۇق ھەممىدىن يامان پالاكەتچىلىك. بۇ ھېكمەت يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدە ئەنە شۇنداق ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاتنى شۇ قەدەر ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن نۇرغۇن گۈزەل ئۈمىد - ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆز بېشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن ۋە كېلىدىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەختسىزلىكىنىمۇ ئاتقا باغلاپ تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، «ئىرق بىتىگ» دىكى مۇنۇ چۈش تەبىرىگە قاراڭ:

58 ـ. «ئاتنى تەتۈر كىشەنلەپ قويۇپتۇ، ئۇ مىدىرلىيالماي جىم تۇرغۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

بۇ چۈش تەبىرىدە چوڭ پېشكەللىك ۋە بەختسىزلىكنىڭ بېشارىتىنى پۇتى تەتۈر كىشەنلەنگەن ئات بەرگەن. بۇنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى بولمىسا كېرەك.

بۇلاردىن باشقا «ئىرق بىتىگ» دە يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىمۇ ئات ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مۇنۇ چۈش تەبىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

55 ـ. «كۆپ ئاتقا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىقىڭ يوق. ئېتىم ئاز قالدى دەيدىغان قورقۇنچىڭمۇ يوق، ئۈچىڭغا چىققان بەخت ـ سائادىتىڭمۇ يوقتەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق يامانلىق.»

بۇ چۈش تەبىرىدە شۇ نەرسە ئايدىڭكى، بىراۋنىڭ ئېتىنىڭ كۆپ بولۇشى ناهايىتى چوڭ خۇشاللىق ۋە بەختتۇر، ئېتىنىڭ يوق بولۇشى ياكى ئاز قېلىشى بەك قورقۇنچلۇقتۇر. بۇ يەردە قىممەت قارىشى ئات بىلەن ئۆلچىنىۋاتىدۇ. بىز يۇقىرىقى بىر مەزمۇندا تىلغا ئالغان بىر چۈش تەبىرىدە ئەر ئۆملەپ تەڭرىنىڭ يېنىغا بېرىپ بەخت تىلىگەندە، تەڭرى ئۇنىڭغا ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، دەيدۇ. بۇنىڭدىمۇ نەق بىز ئېيتىۋاتقان مەزمۇن كەۋدىلەنگەن. قىسقىسى، يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدىكى ئېتىمۇ يوق، بەخت ـ سائادىتىمۇ يوق بولۇپ چۈش كۆرۈش ئەلۋەتتە

ياخشىلىق بېشارىتى بولمايدۇ.

«ئىرق بىتىگ» دە يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتقا بولغان چەكسىز ھۆرمەت چۈشەنچىلىرى، ئاتنى ھەتتا ئۇرۇشلاردىمۇ ھەممىدىن يۇكسەك ئورۇنغا قويىدىغانلىقى بىر چۈش تەبىرىدە مۇنداق ئەكس ئېتىدۇ:

85 ـ. «باتۇر ئەر ئوغلى سوقۇشقا بېرىپتۇدەك، جەڭ مەيدانىدا سۆزمەنلەر ئۇنىڭغا: ئۆيۈڭگە قايتساڭ ئۆزەڭ زور ئاتاق كۆتۈرىسەن، ئېتىڭنى كىشىلەر يېتىلەپ كېلىدۇ، دەپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.»

بۇ يەردە «ئېتىڭنى كىشىلەر يېتىلەپ كېلىدۇ» دېگەن جۈملە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى ئات باتۇر ئەر ئوغلىغا قاناتتۇر. قەھرىمانىنىڭ زور ئاتاققا ئېرىشىشىدە ئۇنىڭ ئېتىنىڭ رولىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاتنى كىشىلەر تەنتەنە بىلەن يېتىلەپ كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىق بېشارىتىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا نەۋقىران باتۇر ئەرلەر ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقاندا، ئۆزلىرىنى ئايغىرغا ئوخشىتىدۇ. ئايغىرغا ئوخشىغان ئەر ناھايىتى باتۇر، ئاجايىپ قەھرىمان بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن قارىغاندا، ئايغىرغا ئوخشىغان ئەر يەنە ھەقىقىي ئەركەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەركەكلەرگە خاس پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەشكەن بولارمىش. بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزلىرى ئۈچۈن سۇنماس قانات بولۇپ كەلگەن ئاتقا بولغان تولىمۇ يۇكسەك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇنۇ چۈش تەبىرى مەزكۇر پىكىرنى ئىسپاتلايدۇ:

86 ـ . «ئۇيۇرۇم (بايتاللار توپى) ئۇچۇن قوتلۇق ئايغىرمەن. ياشاقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىقىم، قوشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىقىم، شۇ يەردە تۇرۇپ خوشال بولىمەن، دېگۇدەك. بىلىشلاركى بۇ ئەزگۇ.»

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۇچۇن ئات پۈتمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەتمۇ ئاتا قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدا ئاتنىڭ قالدۇرغان ئىزى ئىنتايىن يارقىندۇر.

ئىزاھلار:

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 16 ـ، 17 ـ بەتلەر.

② چيەنداۋشىنىسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 ـ بەت.

③ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 14 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىل 2 ـ سان، 16 ـ بەت.

⑤ «جاھاننامە»، شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان، 3 ـ كىتاب، 123 ـ، 124 ـ بەتلەر.

⑥ ئىبراھىم كافەسوگلو: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، 1980 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 11 ـ بەت.

⑦ «قوموْل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 914 ~ 922 ـ بەتلەر.
⑧ «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، ئۇيغۇرچە، 1993 ـ يىل 2 ـ سان، 60 ـ بەت.
⑨ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 41 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 41 ـ بەت.
⑪ «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە، 1994 ـ يىل 1 ـ سان، 37 ـ بەت.
⑫ يۇقىرىقى ژۇرنال، 39 ـ بەت.
⑬ «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، قىستۇرما رەسىملەرنىڭ 3 ـ بېتى.
⑭ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1991 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ سانلار.
⑮ «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە، 1994 ـ يىل 1 ـ سان، 41 ـ بەت.
⑯ «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1994 ـ يىل 3 ـ سان، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.
⑰ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 20 ـ، 21 ـ بەتلەر.
⑱ ئەركىن. ئا: «ئۇيغۇر تۇركلىرى»، 1978 ـ يىل ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى، 126 ـ بەتتىكى رەسىم.
⑲ «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، قىستۇرما رەسىملەرنىڭ 3 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑳ «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژورنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1987 ـ يىل 3 ـ سان، «ئات مەدەنىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىغا قاراڭ.

㉑ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 394 ـ بەت.

㉒ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ قىسىم، 67 ـ بەت.

㉓ ئىبراھىم مۇتىئى: «قەھرىمانلىق ئېپوسى «جاڭغىر» دىكى ئات ئوبرازى»، «ئويرات ( 卫拉特 ) تەتقىقاتى» 1989 ـ يىل مەخسۇس سان، خەنزۇچە 42 ـ بەت.

㉔ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. «ھۇنلار تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 110 ـ جىلد، 404 ـ بەت.

㉕ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 178 ـ بەت.

㉖ «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993ـ يىل 4 ـ سان، 22 ـ بەت.

㉗ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 177 ـ بەت.

㉘ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى

مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 985 - بەت.

㉙ «شىنجاڭ رەسساملىك ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1994 - يىل 1 - سان، 32 - بەت.

㉚ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57 - بەت.

㉛ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، ئۇيغۇرچە، 26 - بەت، 85 - رەسىم.

㉜ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى، 39 -، 40 - بەتلەر.

㉝ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 87 -، 88 -، 89 - بەتلەر.

㉞ س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، خېيلوڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 67 - بەت.

㉟ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، ئۇيغۇرچە، 118 - بەت.

㊱ «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1980 - يىل 1 - سان، 179 - بەت.

㊲ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1993 - يىل 2 - سان، 40 - بەت. بۇ يەردە خەنزۇچە يەشمىسى « 白马从三者中挑选了自己的对手 » دەپ ئېلىنغان.

㊳ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل

2 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 59 ـ بەت.

㊴ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىل 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 60 ـ بەت.

㊵ ئا. ۋ. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ھاياتى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 24 ـ بەت.

㊶ يۇقىرقى كىتاب، 206 ـ بەت، 14 ـ رەسىم.

㊷ «كۇسەن تاش كېمىرلىرى»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 66 ـ نومۇرلۇق قىستۇرما رەسىم.

㊸ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، كىتابنىڭ باش قىسمىدا بېرىلگەن قىستۇرما رەسىمگە قاراڭ.

㊹ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 ـ، 54 ـ بەت.

㊺ ئا. ۋ. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ھاياتى»، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 206ـ بەت، 14ـ نومۇرلۇق رەسىم.

㊻ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 558 ـ، 559 ـ بەتلەر.

㊼ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 77 ـ بەت.

㊽ «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1980 ـ يىل 1 ـ سان، 192 ـ بەت.

㊾ ئا. ۋ. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھاياتى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تەرپىدىن تۈزۈلگەن، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 214 ـ بەتتىكى 31 ـ نومۇرلۇق رەسىم.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئەخمەتجان مۆمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ماۋ يۈلۈك

**«پالنامە» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى**

ئاپتورى: ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
سۇلايمان ھېلىمنىياز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3،000
ISBN7 228 05850 X/B・81
باھاسى: 12.70 يۈەن



ISBN 7-228-05850-X

9 787228 058501 >

ISBN7 - 228 - 05850 - X

B · 81 (民文) 定价: 12.70 元